# مىللەتلەر ئىتتىپاقى

全国百种重点社科期刊
中华人民共和国
新闻出版署
1998-1999

● تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

1998.6



● يۈز يىللىق ئۆزگىرىشنى بېسىپ ئۆتكەن قازاقلار
● ۋاقىتنى قەدىرلەيلى!
● ياپونلاردا بالىلار تەربىيىسى

ISSN 1002-9184

1988.10—1998.10







## دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى چاقىرغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى، «مىللەتلەر» رەسىملىك ژۇرنىلى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى

بۇ قېتىمقى يىغىندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى باشقارمىسى «مەملىكەت بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش- تارقىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ»؛ قەشقەر ۋىلايىتىدىن مەھەممەت ئەخلەت، مىجىت باقى، يەكەن ناھىيىسىدىن مەخمۇت ئەخمەت، قەشقەر شەھىرىدىن شەمسىدىن مۇھەممەت، خوتەن ۋىلايىتىدىن ئابدۇقادىر ئىسمائىل، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش - تارقىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىپ، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى جىنيۇ ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىلى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مەھەممەت ئەخلەتكە تەقدىرنامە بەرمەكتە.

ئۇنىڭدىن باشقا، شۆبە ئىدارىمىز يەنە قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە ئايرىم - ئايرىم يىغىن ئېچىپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر- دىن ئىشلىرى كومىتېتى، يەكەن ناھىيىلىك مىللەتلەر- دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق 12 ئىلغار كوللېكتىپ، كامال تۇرۇپ قاتارلىق 11 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

ئىدرىس بارات خەۋىرى. سۈرەتنى ياڭ جىن تارتقان

(تەپسىلىي خەۋىرى «شەرەپ مۇنبىرى»دە)






# مۇھەررىردىن تەۋسىيە

**بىز ھەممىدىن ياخشىسىنى تاللاپ بولالمايمىز،**

**ھەممىدىن ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن.**

ئەسسالام ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن. ئالدى بىلەن يېقىنلاپ كېلىۋاتقان 1999 ـ يىل ـــ يېڭى يىلىڭىزنى قىزغىن تەبرىكلەپ، يېڭى يىلىڭىزنى مۇبارەكلەيمىز!

ئەسىر ئالمىشىدىغان تارىخىي پەيتلەرنى شانلىق، ئۈچمەس نەتىجىلەر بىلەن بىرلىكتە كۈتۈۋېلىشنى؛ ھاياتنىڭ تۈرلۈك سىناق، ئىمتىھانلىرىنى تەڭ قوبۇل قىلىپ، سىز بىلەن قولنى قولغا تۇتۇشقان ھالدا پارلاق كېلەچەككە قاراپ دادىل قەدەم تاشلاشنى بەكمۇ خالايمىز. قولىڭىزدىكى بۇ سانىمىز 1998 ـ يىلدا بىز سىزگە تەقدىم قىلغان ئەڭ ئاخىرقى سان بولۇپ قالدى. بۇ سان ژۇرنىلىمىزنىمۇ سىزنىڭ ئىللىق تەبەسسۇمىڭىزغا ئېرىشىش ئۈچۈن،كۆپ تەرىپلىمە ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈردۇق. پەقەت سىزنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈنلا قانچە ـ قانچە كېچىلىك ئۇيقۇدىن مەھرۇم بولساقمۇ قىلچە ۋايىم يېمەيمىز. ژۇرنىلىمىزنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقسىڭىز، بىرنەچچە سائەت ۋاقتىڭىزنى ئالغانلىقىمىزدىن سىزمۇ ئەپسۇسلىنىپ يۈرمەيسىز، ئەلۋەتتە.

**«ھەر بىر خەلقنىڭ مەدەنىيىتى ـــ ئەزىم قىلسا گەرزىيدىغان مەدەنىيەت»** دېيدۇ بىر ئالىم. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ مەزمۇنى نېمە؟ مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتى قانداق ئىشلەندى؟ تەرەققىياتى قانداق بولدى؟ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىستىقبالىچۇ؟ دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى جىنيۇنىڭ **«تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى»** دېگەن ماقالىسىدە يوقىرىقىدەك بىر قاتار مۇھىم مەسىلىلەر شەرھلەنگەن ھەمدە ئەسىر ئالمىشىدىغان دەۋردىكى مىللىي مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ ئىسلاھاتى ھەققىدە دادىل پىكىر يۈرگۈزۈلۈپ، «ھەممىدە يولغا قاراشقا قارشى تۇرۇش، مەنپەئەتنى دەپ ۋىجداندىن كېچىدىغان ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش، شەكىللىۋازلىقنى توسۇش» لازىملىقى تەكىتلەنگەن. بۇ ماقالە سىزگە مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتى ھەققىدىكى سىياسەت ۋە يوزلىنىشلەردىن ئۇچۇر بېرىدۇ.

**«دۆلەتنىڭ نامرات رايونلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشىغا ئائىت ئەڭ يېڭى مەلۇمات»** دېگەن ماقالە سىزگە دۆلىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىغا مەبلەغ سېلىشى، جۈملىدىن شىنجاڭ قاتارلىق غەربىي شىمال رايونلارغا جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ؛ **«98، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ۋە پايى تۈزلەڭدىكى ئىگىلىك»**ناملىق ماقالىدە دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پايى تۈزلەڭدىكى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات دولقۇنلىرىدا قانداق ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقى، پايى تۈزلەڭدىكى ئىگىلىكنىڭ ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىغا بولغان تەسىرى، ئۇلار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىستىقبالى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىنغان؛ قازاق مىللىتى ھەققىدىكى ئىككى پارچە ماقالىدە، قېرىنداش قازاق خەلقىنىڭ يېقىنقى 100 يىللىق تەرەققىيات تارىخى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى يۈكسىلىشى تونۇشتۇرۇلىدۇ: قاراڭ، چارۋىچى قازاق خەلقى گەرچە ئۇزاق يىللار كۆچمەن ھالەتتە ياشاپ كەلگەن بولسىمۇ، ھازىر مەدەنىيەت سەۋىيە جەھەتتە مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىگە يېتەي دەپلا قالغان!

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، دوست تاللاشنى بىلەمسىز؟ ئەتراپىڭىزدا سىز ئۈچۈن جېنىدىن ۋە مېلىدىن كېچەلەيدىغان دوستلىرىڭىز بارمۇ؟ ھەقىقىي دوست قانداق بولىدۇ؟ مۇتەپەككۇر ئالىم، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 980 يىللىقى ۋە بۈيۈك قامۇس **«قۇتادغۇبىلىك»** داستانى يېزىلغانلىقىنىڭ 928 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن پېشقەدەم تەتقىقاتچى مەھمۇد زەيدى يازغان، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ چىن دوستلۇق ھەققىدىكى قاراشلىرى شەرھلەنگەن ماقالە سىزنى دوستلۇق دېگىزىغا چۆمۈلدۈرىدۇ.

ئوقۇرمەن دوست، ئۆيىمىزدىكى، ئەتراپىمىزدىكى ـــ كۆز ئالدىمىزدىكى ئوماق، سەبىي باللار كېلەچەكنىڭ خوجايىنلىرى، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ غايەت زور بايلىقى، تارىخنى ئۇلاپ ماڭغۇچىلاردۇر. ئۇلار ئاق قەغەزگە ئوخشاش بىغۇبار ئەمما ناداندۇر. باللارنى قانداق تەربىيلەش، قانداق يېتىلدۈرۈش ـــ ھەرقانداق بىر دۆلەت، بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتسە ھەرگىز بولمايدىغان مۇھىم ئىش. بۇ جەھەتتە تەرەققىي تاپقان ئەللەر ۋە ئىلغار مىللەتلەردە ئۆزىگە خاس مەلۇم قائىدە ـ قانۇنىيەت شەكىللەنگەن. بىز باللارنى قانداق تەربىيلىدۇق؟ باللارغا قانچىلىك، قايسى يوسۇندا كۆڭۈل بۆلدۇق؟ باللارنى قانداق تاكامۇللاشتۇرىمىز؟ ژۇرنىلىمىزغا بېرىلگەن **«ياپونلاردا باللار تەربىيىسى»** ناملىق ماقالە بۇ جەھەتتە بىزنى تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

ۋاقىتنى قەدىرلەش ـــ تەربىيە كۆرگەن، مەسئۇلىيەتچان، مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنىڭ نورمال ئەخلاقى، ۋاقىتنى قەدىرلەش ھەققىدە مۇتەپەككۇرلار، ئالىملار نۇرغۇن ھېكمەت، دۇردانىلەرنى قالدۇرغان. **«ۋاقىتنى قەدىرلەش ئۆمۈرنى ئۇزارتىش»**دېگەنلىكتۇر. دۇنيا ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى ئۇچۇر دەۋرىدە بىز ۋاقتىمىزنى قەدىرلەۋاتامدۇق؟ ۋاقتىمىزنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتىمىز؟ ۋاقىتنى قايسى دەرىجىدە پايدىلاندۇق؟ ژۇرنىلىمىزنىڭ «مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ» سەھىپىسىگە بېرىلگەن **«ۋاقىتنى قەدىرلەيلى»** ناملىق قىسقا ماقالە بىزگە بۇ ھەقتە مەسلىھەت بېرىدۇ.

دوستۇم، ۋاقىت بەكمۇ قىممەتلىك، سىزنى گەپكە تۇتمايلى، قېنى مەرھەمەت!

# مىللەتلەر ئىتتىپاقى

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا خەنزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەن تىللىرىدا چىقىدىغان سىياسىي، ئومۇمىيسال خاراكتېرلىك ژۇرنال

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى»ژۇرناللىرى نەشرىياتى نەشر قىلدى

نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
لى جىنچې (مياۋزۇ)

مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ليۇ جىنسو (موڭغۇل)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:
ئىدرىس بارات

چېن لىچى (دۇڭزۇ)
مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى:
جالاڭ دېلەن (موڭغۇل)

ئۇيغۇرچە نەشرى
(ئومۇمىي 61 ـ سان)
ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش مۇھەررىر: ئىدرىس بارات
تېلېفون: 2834567
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ياسىن ھاۋازى
تېلېفون: 2837021

نۆۋەتچى تەھرىرى: خەمىت نىغمەت


## ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە ماقالىسى


تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى ...................... لى جىنپۇ (4)


## مىللەت ۋە قانۇن


مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىلگەن جىنايى ئىشلار قانۇنى ........................ ۋۇداخۇا (10)


## مىللەت ۋە مائارىپ


«دۆلەتنىڭ نامرات رايونلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى»غا ئائىت يېڭى مەلۇمات ...................... ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى جياڭ تيەن (15)


## ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات


98، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ۋە پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك ........................................ ۋاڭ فۇلىن (18)


## مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىدە


جۇاڭزۇ مىللىتى ۋە گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى................................................ ئەركىن مۇھەممەت (23)


## ئەسىرلىك ئەسلىمە


100 يىللىق ئۆزگىرىشنى بېسىپ ئۆتكەن قاراقلار........... خې شىڭلياڭ (26)


## شەرەپ مۇنبىرىدە


«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش ـ تارقىتىش خىزمىتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئىسىملىكى ..................... (32)


## ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس بەت


ئىزدىگىنىم ياخشىلىق(شېئىر) ..................... ماخمۇت مۇھەممەت (33)
بىز ساڭا خۇشتىرى، ئامراق مۇشتەرى(شېئىر) .... ئابدۇلئەھەت سىدىق (33)
سۆيگۈ چاچقۇسى (شېئىر) ............. ئامانجان تۇرسۇن (شىجائەت) (58)


## مىللەت خەزىنىسى


«ئاي تولدى» بىلەن «كۈن تۇغدى» دوستلۇقىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ چىن دوستلۇق ھەققىدىكى قاراشلىرىغا نەزەر........... مەھمۇد زەيدى (34)


## مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ


ۋاقىتنى قەدىرلەيلى!........................ ئابدۇرېھىم ياقۇپ (38)


## دۇنيا مىللەتلىرى


ياپونلاردا بالىلار تەربىيىسى ........................... (40)


## نەزەرىيە ۋە مۇھاكىمە


غەربىي رايوندا: مۇھىت يامانلىشىپ كەتسە، بېيىشمۇ ئىشەنچلىك بولماي قالىدۇ ............................................ (43)


## بىلىم دۇردانىلىرى


بىلىم دېگەن نېمە؟ ......................... (44)
بىلىم ئىگىلىكى دېگەن نېمە؟ ..................... (45)

# مۇندەرىجە




(ئۈرۈمچى جەنۇبىي تىنچلىق يولى 204 - نومۇر 2 - بىنا D ئىشىك)

پوچتا نومۇرى: 830001

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

تاق ئايلارنىڭ 15- كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

ھەر يىلى 5 - ۋە 10 - ئايلاردا جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ

ۋەكالەت نومۇرى: 117 — 58

## جەۋھەرلەردىن تەرمىلەر

سوقرات ھېكمەتلىرىدىن: تاللاش ...................... (46)
گۈل ئۆستۈرۈش ...................................... (46)
قەدىر- قىممەت (قاتارلىق 5 پارچە)........................ (47)

## ئۈرمۈشىمىزغا مەسلىھەت

قېرىشنى تېزلىتىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى........................ (48)
تـوك چىراغ نۇرىدا بەك كۆپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشمۇ كېسەل پەيدا قىلـىدۇ
(قاتارلىق 4 پارچە)........................................ (48)

## سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ 5 ئاساسلىق ئامىلى........................ (50)
روھىي ساغلاملىقنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى........................ (50)
يۈرەك كېسىلى بولغۇچىلارنىڭ كۆپ ئۇخلىشى ياخشى ئەمەس (قاتارلىق 5 پارچە)...
............................................................ (51)

## ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلار ۋە ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا
سۇنۇلغان 3 سوئال ........................................ (52)

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

ئەر - ئايال ھەققىدە چەت ئەل يۇمۇرلىرى........................ (54)

## ئوقۇرمەنلەر ساداسى

تەكلىماكاننىڭ چېتىدىن خەت.................. ئادىلجان رەجەپ (56)
كىچىككىنە تەسىراتىم........................ تۇرسۇنجان ئەيسا (57)

## گۈلدەستە

ئىككى كېپىنەك (مەسەل).................... ئابدۇجېلىل تۇرسۇن (58)
بىلىم بېغىدا بىباھا باغۋەنلەر بار (سۆز ئويۇنى).... يۇسۇپجان نامەت (59)
بوغۇنلار بىلىملىك بولسۇن(سۆز ئويۇنى) ......... ئەمەتجان ساۋۇت (59)
ھۆسنخەت ئەسەرلەردىن تاللانما........................ (63)

## بەت ئاستى چىمەنزارى

مۇھەررىردىن، ئوقۇرمەندىن، ئىرگۈتلەك، قەلب چىرىغى، ھېكمەت، شەيتان لۇغەت
قاتارلىق كىچىك سەھىپىلەر بويىچە دۇردانىلەر بېرىلدى........................

## گۈزەل سەنئەت گۈلزارى

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا بېغىشلانغان
كىرىشتۈرمە سۈرەت ........................................
مۇقاۋىنىڭ 2 - بېتىدە: دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى چاقىرغان «مىللەتلەر
ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى، «مىللەتلەر» رەسىملىك ژۇرنىلى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى
بېيجىڭدا ئېچىلدى........ ئىدرىس بارات خەۋىرى، سۈرەتنى ياڭ جىن تارتقان
مۇقاۋىنىڭ 3 - بېتىدە: بوگۇر ناھىيىلىك تۇز زاۋۇتىنىڭ ئېلانى........................
مـۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: كورلا شەھەرلىك سودا - سانائەت كەسپىي چەكلىك
ھەسسىدارلىق باش شىركىتىنىڭ ئېلانى ........................................
(مۇقاۋىنى ئابدۇسالام ئابدۇراخمان لايىھىلىگەن)

# تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى جىنيۇ

**تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم**

دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇزاق تارىخقا ۋە شانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتى جۇڭخۇا ئېلىنىڭ پارلاق، رەڭگارەڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى تەشكىل قىلغان. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، مىللىي مەدەنىيەت ـ مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان مەدەنىيەتنى، يەنى جۇڭخۇا ئېلىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. بىز بۇ يەردە ئېيتىۋاتقان مىللىي مەدەنىيەت، ئاساسلىقى مەملىكىتىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.



مىللىي مەدەنىيەت جۇڭخۇا ئېلى مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ رەڭگارەڭلىكى ۋە مۇستەھكەم ئاساسى جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتىنى كەڭ ھەم چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە قىلىپ شەكىللەندۈرگەن. مىللىي مەدەنىيەت جۇڭخۇا ئېلى مىللىي مەدەنىيىتى بىلەن ئورتاقلىقنى ساقلاش بىلەن بىللە، روشەن ئۆزگىچىلىكىنى يەنى مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ كەلگەن. بۇ خىل مىللىي ئالاھىدىلىك ئورتاق گەۋدە بولغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق دەۋرلەردىكى شەكىللىنىش ۋە تەرەققىيات تارىخى جەريانىدا ھاسىل بولغان. مەملىكىتىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەت ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تەرەققىيات فورماتسىيىسىدە، ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيىلىك شارائىتتا شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغاچقا، ئۇلاردا ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش ئۇسۇلى، تەپەككۇر شەكلى، ئەدەب - ئەخلاق كۆز قارىشى، قىممەت قارىشى قاتارلىقلار شەكىللەنگەن. بۇ مىللىي مەدەنىيەتتە تەبىئىي يوسۇندا ئۆزگىچە خاراكتېر، روشەن ئالاھىدىلىك بولۇپ ئىپادىلەنگەن. ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى خەنزۇ مەدەنىيىتىدىن پەرقلىنىپلا قالماي، جۇغراپىيىلىك ئولتۇراقلىشىش شارائىتى، دىن - ئېتىقادى ئوخشاش بولماسلىقى ۋە باشقا نۇرغۇن ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلى ھەربىر ئاز سانلىق مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزگىچە نۇر چېچىپ جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتى پارتىيە مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ تەشكىلىي قىسمى، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. يېڭى جۇڭگو

قۇرۇلغان 50 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتى نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلارنى بېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر يەنىلا كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى چوڭ جەھەتتىن مۇنداق 3 باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى جۇڭگو قۇرۇلۇپ تا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلانغانغا قەدەر بولغان دەۋر مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتى مىسلىسىز گۈللەنگەن دەۋر ئىدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مەركەزدىن تارتىپ يەرلىككىچە ھەر دەرىجىلىك مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتى باشقۇرۇش ئورگانلىرى ۋە تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنى قۇرغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرگەن؛ مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە قېزىش - رەتلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان؛ ھەر دەرىجىلىك مىللىي مەدەنىيەت ئۆمەكلىرىنى قۇرۇپ چىققان، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرەكلىرىنى ئۆتكۈزگەن؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرغان، «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانلىرى» ھەممىلا جايدا خۇددى باھار يامغۇرىدىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك بارلىققا كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن مىللىي مەدەنىيەتتە چوڭ تەرەققىي قىلىش، چوڭ گۈللىنىشتىن ئىبارەت ياخشى مەنزىرە زاھىر بولغانىدى. لېكىن، 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە مىللىي مەدەنىيەتمۇ بىر پۈتۈن جۇڭخۇا ئېلى مىللىي مەدەنىيىتىگە ئوخشاشلا ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ۋە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قالايمىقانچىلىق ئوڭشىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مەدەنىيەت سىياسىتى قايتىدىن ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، مىللىي مەدەنىيەت يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى. بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتى يېپيېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى: مۇناسىۋەتلىك تارماقلار مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىگە ئائىت مەملىكەت خاراكتېرلىك بىرقاتار يىغىنلارنى چاقىردى، تۈرلۈك مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرىنى ۋە مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرەكلىرىنى ئۆتكۈزدى. ھازىرغىچە، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنى 4 نۆۋەت، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىنى 5 نۆۋەت، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېمىسىدىكى كىنولار بويىچە «تۇلپار مۇكاپاتى»نى باھالاش پائالىيىتىنى 6 نۆۋەت، مەملىكەتلىك مىللىي سەنئەت (ناخشا، ئۇسسۇل، دراما) بويىچە «تۇز مۇكاپاتى» مۇسابىقىسىنى 7 نۆۋەت ئۆتكۈزدى. 1992 - يىلى دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت - سەنئىتى ئاساس قىلىنغان 3 - نۆۋەتلىك «جۇڭگو سەنئەت بايرىمى»نى ئۆتكۈزدى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ «مەملىكەتلىك 10 مىڭ چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويدى. كۆپ ساندىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى كۈچەيتىش مەزمۇن قىلىنغان «مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تۈرلىرى»نى ئارقا - ئارقىدىن بەرپا قىلدى. بۇ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تۈرلىرى ۋە پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشى مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى 2 مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئالغا سىلجىتتى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى 20 يىل مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتى تارىخىدىكى ئەڭ ياخشى راۋاجلانغان مەزگىللىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ گۈللىنىشى، مىللىي سەنئەت سەھنىلىرىنىڭ رەڭدارلىشىشى، مىللىي مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ يېتىلىشى، مەدەنىيەت - سەنئەت قوشۇنىنىڭ ئۈزلۈكسىز زورىيىشى، ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى، بولۇپمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي بايرام مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ قانات يايدۇرۇلۇشى مىللىي مەدەنىيەت ئۇل ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ تېزرەك تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. تاشقى ئالاقە پائالىيەتلىرى كۈندىن - كۈنگە جانلاندى، مىللىي مەدەنىيەت گۈلزارلىقىدا ھەممە گۈللەر تەكشى

قەلب چىرىغى: بىرەر پارچىمۇ كىتاب يوق ئۆي بىر تالمۇ قۇش يوق ئورمانلىققا ئوخشايدۇ. (ئابلىز ساقى.ت)

ئېچىلىپ، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان گۈللەنگەن، ئاۋات مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى يەكۈنلىگەندە، مېنىڭچە بۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىكى سەۋەبلەرگە باغلاپ قاراش كېرەك:

بىرىنچىدىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى. مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتى ئىزچىل تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ غەمخورلۇقى ھەم ئېتىبار بېرىشىگە مۇيەسسەر بولدى؛ ھەر دەرىجىلىك يەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ- قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. مانا بۇلار مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى تۈپ كاپالەتتۇر.

ئىككىنچىدىن، ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىندى. مىللىي مەدەنىيەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ رەڭگارەڭ تۇرمۇشىدىن ئىبارەت مۇنبەت تۇپراقتا ئۆسۈپ يېتىلگەن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈيۈشتۇرۇش ۋە ئىلھام بېرىشتىكى مۇھىم كۈچتۇر. سوتسىيالىزم دەۋرى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان، ئورتاق گۈللىنىدىغان دەۋر. بۇ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى، گۈللىنىشىنى ھەمدە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى بولمايدىكەن، جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ بولمايدۇ. بىزنىڭ مۇشۇنداق كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزدە، مىللىي مەدەنىيەت يەنىلا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئۈنۈملۈك شەكلى بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ. مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتى بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئارىسىدا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىنىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش، قوللاپ - قۇۋۋەتلەش ۋە ئۇنى ئورتاق ياخشى ئىشلەشتىكى ئاكتىپچانلىقى ئۇرغۇتۇلدى. بۇمۇ مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىدە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، توغرا ئورۇنغا قويۇلدى. مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن مەدەنىيەت خىزمىتى ۋە مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئايرىملىق بىلەن بىرلىك، پۈتۈنلۈك، قىسمەنلىك بىلەن ئومۇملۇق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتى تارماقلىرى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغاندا، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاش، مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقىغا ۋە مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقىغا بويسۇندى ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى.

تۆتىنچىدىن، بىرىكمە كۈچ ھاسىل قىلىندى. مەدەنىيەت خىزمىتى تارماقلىرى بىلەن مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، زىچ ھەمكارلىشىپ، ئۆز ئەۋزەللىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار مەدەنىيەت خىزمىتى تارماقلىرى ۋە مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ ۋە ئۇلارغا ماسلىشىپ، مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ياردەم بەردى. بۇ بىزنىڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىزدىكى تەشكىلىي كاپالەت ھېسابلىنىدۇ.

بەشىنچىدىن، مىللىي مەدەنىيەت ساھەسىدىكى خادىملار جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلدى ۋە تىنىمسىز ھەسسە قوشتى.

**پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش جەھەتتە تەشەببۇسكارلىقىمىزنى جارى قىلدۇرايلى**

بىرىنچىدىن، پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ

ETHNIC UNITY

مەركىزىي خىزمىتىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشقا ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، مەملىكىتىمىزدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس يارىتىپ بەردى. بىراق شۇنىمۇ ئېنىق كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ كۆپىنچىسى چېگرا بويلىرى، تاغلىق رايونلار ۋە يايلاقلارغا جايلاشقانلىقتىن، تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك شارائىت پەرقى چوڭ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئارقىدىراق، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نامراتلىق بىلەن قاپلىنىش دائىرىسى كەڭرەك بولماقتا؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مالىيىدە جىددىيچىلىك كۆرۈلمەكتە، خىراجەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئېغىر دەرىجىدە يېتەرسىز بولماقتا؛ نۇرغۇن رايونلار ئاساسىي جەھەتتىن «مالىيىگىلا تايىنىپ كۈن كۆچۈرۈش» ھالىتىدە تۇرغاچقا، مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە.

ئىككىنچىدىن، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆتۈش مۇقەررەر ھالدا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقە ئىشلىرى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىدۇ، بۇ ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تېخىمۇ چوڭ دائىرىدىكى ئالاقە ۋە ھەمكارلىق ئىشلىرىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئالغا سۈرۈپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى پۇرسەت ئېلىپ كېلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئۆزگىرىشى كەڭ ساھەلەر بويىچە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولغان قىممەت قارىشى، ئەدەپ - ئەخلاق مىزانى، تۇرمۇش ئۇسۇلىغا مۇقەررەر ھالدا تەسىر كۆرسىتىدۇ، نەتىجىدە ئۇ بۇ ئارقىلىق يەنە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، خىرىسنى كۈتۈۋېلىشىمىز، سىناقلاردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈشىمىز لازىم.

ئۈچىنچىدىن، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش بىزنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىدىن ئۆلگە ئېلىشىمىز، دۇنيانىڭ ئىلغار پەن-تېخنىكىسىنى ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشىمىز، شۇنىڭدەك مىللىي مەدەنىيەتنىڭ دۇنيا مىقياسىدا ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى، بۇ، مىللىي مەدەنىيەتنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشنىڭ چوڭ ياخشى پۇرسىتىدۇر. يەنە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئۇچۇر دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ غەربنىڭ چىرىك مەدەنىيىتى كىنو، رادىئو، تېلېۋىزىيە، ئېلان قاتارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق سىڭىپ كىرىپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە قىممەت قارىشىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتمەكتە، بۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭا بۇنىڭغا قارىتا، ھوشيارلىقىمىزنى تولۇق قوزغاپ، ئۇنى سىڭىپ كىرىشكە، پارچىلاشقا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇپ، پائال تەدبىر قوللىنىشىمىز لازىم. شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۇ مەسىلىلەر مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى مەسىلىلەردۇر. بىزنىڭ ئەھۋالنى تەھلىل قىلىشىمىز، مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى مەقسەت يېڭى تەپەككۇر يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى تەشەببۇسكارلىقىمىزنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى تەشەببۇسكارلىقنى جارى قىلدۇرۇشتا ئالدى بىلەن تونۇشنى ئۆستۈرۈش كېرەك. يېڭى ۋەزىيەتتە، مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىگە بولغان تونۇشتا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى يېتەكچى قىلىنىشى، پارتىيە 15- قۇرۇلتىيىنىڭ روھى مىزان قىلىنىشى لازىم. ئاندىن ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيە 15- قۇرۇلتىيىدا ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلدى، شۇڭا مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشىمىز لازىم.

مىللىي مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىسلاھاتتا پۈتۈن مەملىكەتتىكى مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىسلاھاتقا ئوخشاش دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 15- قۇرۇلتىيىنىڭ

ETHNIC UNITY

روھنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، پائال ئىزدىنىپ، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن، جانلىق، ساغلام، تەرتىپلىك بولغان سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، قۇرۇلمىلىرى سەرخىل، ئۈنۈمى ياخشى، مول ھاياتىي كۈچكە ئىگە مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈندىن- كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

مىللىي مەدەنىيەت ئىسلاھاتىدا قانۇنىيەتلەرگە ھۆرمەت قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى بىرلەشتۈرۈشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەممىدە «پۇلغا قاراش»قا ۋە مەنپەئەتنى دەپ ۋىجداندىن كېچىدىغان ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، شەكىللۋازلىقنى توسۇشىمىز لازىم.

**ئەمەلىي ئىش قىلىپ، مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم**

مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ ئاساسىي بازىسى ئاساسىي قاتلاملاردا، ئاساسلىق ئوبيېكتى بولسا ئاساسىي قاتلاملاردىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىدۇر. قانداق قىلغاندا ناھىيە ۋە ناھىيىدىن تۆۋەن ئاساسىي قاتلاملاردا مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ؟ بۇ بىز ئۇزاقتىن بۇيان مۇھاكىمە ۋە تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان مەسىلە، شۇنداقلا بىزنىڭ پارتىيە 15- قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلىشىمىزدىكى مۇھىم ئىشتۇر. بۇلتۇر 10 - ئايدا، خۇبېي ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى چاڭياڭ تۇجيازۇ ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئۆلكىلىك مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى چاقىرغانىدى، يىغىنغا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت مەھكىمىسى ۋە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مەدەنىيەت - تەشۋىقات مەھكىمىسىدىكى مەسئۇل يولداشلار تەكلىپكە بىنائەن قاتنىشىپ، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، شۇنىڭدەك ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى، ناھىيىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق تارماقلارنىڭ مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى تەجرىبە - تونۇشتۇرۇشلىرىنى ئاڭلاپ، چاڭياڭ ناھىيىسىدىكى مىللىي مەدەنىيەت ئۈل ئەسلىھەلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، يېزا- بازارلاردىكى مىللىي مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، چاڭياڭ ناھىيىسىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت خىزمەتلىرى ھەققىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇش ھاسىل قىلدى. بۇنى يىغىنچاقلىغاندا تۆۋەندىكى 5 جەھەتتىكى تەجرىبىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىگە رەھبەرلىك ئېتىبار بەرگەن؛ ئىككىنچى، دائىملىق، ئاممىۋى خاراكتېردىكى مىللىي مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرغان؛ ئۈچىنچى، مىللىي مەدەنىيەت ئۈل ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى ھەققىي كۈچەيتىلگەن؛ تۆتىنچى، قوشۇن قۇرۇلۇشى ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش چىڭ تۇتۇلغان؛ بەشىنچى، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش - رەتلەش، يىغىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئەدەبىيات- سەنئەت ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بۇ ئاساسىي تەجرىبىلەر بەلگىلىك ۋەكىللىك خاراكتېرگە ۋە ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە.

ئەسىر ئالمىشىدىغان پەيتتە، بىز دەل ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئۆتكەن ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالىدىغان ئۇلۇغ تارىخىي دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، پارتىيە 15- قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى تىرىشىپ يارىتايلى.

*(مەزكۇر ماقالە يولداش لى جىنيۇنىڭ بۇ يىل 6- ئايدا خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭياڭ ناھىيىسىدە چاقىرىلغان مەملىكەتلىك مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى، ئاز - تولا قىسقارتىلىپ ئېلان قىلىندى ۋە تەرجىمە قىلىندى)*

**خەمىت نېغمەت** تەرجىمە قىلدى



ھەلب چىرىغى: كىتاب ئوقۇش چاڭقىغان يۈرەكنى سۇغىرىدۇ. (قابىلىز ساقى. ت)

# دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئورگان ئىسلاھاتىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندىدى

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئورگان ئىسلاھاتى 4 ئاي جاپالىق تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق 8 - ئايدا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن 5 ئاي بۇرۇن ئورۇندالدى.

يېڭىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن «3 نى بېكىتىش»تە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم تارماقلىرى ساقلىنىپ قالدى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى يەنىلا دۆلەتنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرىنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتى ۋە ئورتاق گۈللىنىش ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمىدە مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە مىللەتلەر ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا باشقا تارماقلار ئورنىنى باسالمايدىغان مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

شتاتنى، خىزمەت ئورنىنى بېكىتىش ۋە خادىملارنى تارقاقلاشتۇرۇش ئورگان ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا ئورگان ئىسلاھاتىنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم بىر ھالقا بولۇپ، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى بۇ ئىشقا تولۇق ئەھمىيەت بەردى.

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ھازىرقى مەمۇرىي شتاتى 150 خادىم بولۇپ، ئەسلىدىكى 230 خادىم ئاساسىدا 80 خادىم قىسقارتىلدى، بۇ% 35 نى تەشكىل قىلىدۇ؛ مەھكىمە- ئىدارە دەرىجىلىك ئورگان 10 دىن 8 گە، باشقارما دەرىجىلىك ئورگان 48 دىن 30 غا قىسقارتىلدى؛ مەھكىمە، ئىدارە دەرىجىلىك رەھبەرلەر سانى 32 دىن 27 گە قىسقارتىلدى، باشقارما دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار سانى 72 دىن 51 گە قىسقارتىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قايتىدىن بېكىتىلگەن خىزمەت ئورنىدا قالغان خادىملارنىڭ قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇۋاپىق بولۇپ، ياش جەھەتتە ئىلگىرىكى ئوتتۇرىچە يېشى 43 ياش بولۇشتىن ھازىر ئوتتۇرىچە يېشى 40 ياش بولدى ھەمدە ياشانغانلار، ئوتتۇرا ياشلار ۋە ياشلارنىڭ يېشىمۇ مۇۋاپىق بولدى. ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلار ئىلگىرىكى% 90.5 تىن ھازىر% 95.2 گە يەتتى؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئىلگىرىكى% 48.2 تىن ھازىر% 48.7 كە يەتتى. مىللەت تەركىبى جەھەتتە ئازايماي 20 مىللەتتىن تەركىب تاپقان خادىملار سەپلەندى. قۇرۇلمىسى ئەرخىللاشقان، پاك - دىيانەتلىك، خىزمەت ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان كەسپلەشكەن مەمۇرىيلار قوشۇنى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تارقاقلاشتۇرۇلغان بىر قىسىم خادىملار كومىتېت قارمىقىدىكى ئورۇنلارغا بېرىپ خىزمەت ئىشلىدى.

(مېھراي تاش تەرجىمە قىلدى)

قەلب چىرىغى: كىتاب ئوقۇش چۆلدەرەپ قالغان يۈرەكنى ئاۋاتلاندۇرىدۇ. (ئابلىز ساقىيت)

ETHNIC UNITY

# مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىلگەن جىنايى ئىشلار قانۇنى

ۋۇداخۇا
(جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇنشۇناسلىق دوكتورى)

8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5- قېتىملىق يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنى» دەپ ئاتالدى)دا مىللەتلەر خىزمىتى دۈچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر تولۇق نەزەردە تۇتۇلۇپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرگە توسقۇنلۇق قىلىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش سالمىقى كۈچەيتىلگەن. يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەزى يېڭى جىنايەت ناملىرى قوشۇلغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر قايتا تەكىتلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايى قىلمىشلارنى قاتتىق جازالاش كۈچلۈك قانۇن قورالى بىلەن تەمىن ئېتىلگەن.

**بىرىنچى، مىللىي كەمسىتىشكە ۋە مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىش جىنايىتى قوشۇلغان**

مىللىي كەمسىتىشكە ۋە مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىش جىنايىتى دېگىنىمىز، مىللىي كەمسىتىشكە ۋە مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىش قىلمىشى ئېغىر بولغان ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ. مىللىي كەمسىتىش — مىللەتلەر باراۋەرلىكىگە قارىمۇ - قارشى بولۇپ، ئۇ بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتكە تەڭسىز كۆز قاراش ۋە مۇئامىلىدە بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. مىللىي ئۆچمەنلىك دېگىنىمىز، كۆپىنچە ھاللاردا مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللەتلەر زىددىيىتىدىن كېلىپ چىققان، بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتكە بولغان كۈچلۈك نارازىلىق، ئۆچمەنلىك كەيپىياتى ۋە پسىخىكىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر جىنايەتنىڭ ھەرىكەت شەكلىدە، جىنايەت سادىر قىلغۇچى مىللىي كەمسىتىشكە ۋە مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىش ھەرىكىتىنى پائال يۈرگۈزىدۇ. قۇتراتقۇلۇق قىلىش دېگىنىمىز: باشقىلارنى قايمۇقتۇرۇپ، كۈشكۈرتۈش، قىزىقتۇرۇش ۋە باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ئامما ئارىسىدا مىللىي كەمسىتىش ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مىللىي كەمسىتىشكە ۋە مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىش جىنايىتى ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى تەرتىپىگە بىۋاسىتە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھېسابلىنىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي، ليۇ شاۋچى، دېڭ شياۋپىڭ، لى ۋېيخەن قاتارلىق پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ماركسىزمنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنى جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مەسىلىسى ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى قاتارلىق بىر قاتار مىللىي سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، نەچچە مىڭ يىل داۋام قىلىپ كەلگەن مىللىي زۇلۇم تۈزۈمىنى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە بىكار قىلىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىك، چىقىشالماسلىق ۋە كەمسىتىشنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىپ، ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق

مىللەتلەرنى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي باسقۇچلاردىن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە باشلاپ كىرىپ، يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلدى. 50 ـ يىللاردا يولداش ماۋزېدۇڭ: «مەملىكەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى — ئىشىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى» دەپ كۆرسەتكەنىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭمۇ: «مىللەتلەر خىزمىتىمىزنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى ئوبدان ئىتتىپاقلىشىپ، سۈركىلىشنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتكەن. يولداش جياڭ زېمىن 1992ـ يىلى ئېچىلغان مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا: «پارتىيىمىز مىللىي مەسىلىنى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە تەدبىقلاپ كۆزىتىدۇ ۋە ھەل قىلىدۇ، بىز نەچچە ئون يىللىق ئەمەلىيەت داۋامىدا، بىرقاتار ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر ۋە سىياسەتلەرنى شەكىللەندۈردۇق. بۇلار ئاساسلىقى... ھەرقايسى مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ ئاز- كۆپ بولۇشى، تارىخىنىڭ ئۇزۇن- قىسقا بولۇشى ۋە تەرەققىيات دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى- تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتىدۇ، مىللەتلەر بىردەك باراۋەر بولۇشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك... بەزى جايلاردا مىللىي مەسىلە بىلەن دىنىي مەسىلە دائىم ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلۇۋاتىدۇ، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلغاندا، چوقۇم پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى «مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقى»دىن ئىبارەت. يېڭى دەۋردە، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سەۋەبلەر، تارىخىي ۋە رېئال سەۋەبلەر، شۇنداقلا سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مىللىي كەمسىتىشكە، مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىش ئەھۋاللىرى پات- پات يۈز بېرىپ تۇردى. يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 249 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، مىللىي ئۆچمەنلىككە ۋە مىللىي كەمسىتىشكە قۇتراتقۇلۇق قىلغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا 3 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى، رىجىم جازاسى ياكى سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلىدۇ؛ قىلمىشى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغانلىرىغا 3 يىلدىن يۇقىرى، 10 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

**ئىككىنچى، نەشر بۇيۇملىرىغا قارىتا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان ۋە ھاقارەتلەيدىغان مەزمۇنلارنى بېسىپ چىقىرىش جىنايىتى قوشۇلغان**

يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 250 ـ ماددىسىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان ۋە ھاقارەتلەيدىغان مەزمۇنلارنى بېسىپ چىقىرىش جىنايىتى تىلغا ئېلىنىپ، يېڭى بىر جىنايەت نامى قوشۇلغان. ئىلگىرىكى جىنايى ئىشلار قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش داۋامىدا، بەزىلەر «يېقىنقى يىللاردىن بېرى بەزى نەشر بۇيۇملىرىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان ۋە ھاقارەتلەيدىغان مەزمۇنلار بېسىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىندى» دەپ قارىدى. مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقى دېگىنىمىز: قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋە ئېتىراپ قىلىنغان ھەمدە مىللەتلەرنىڭ قانۇن مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلىنىدىغان، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ مىللىي ھوقۇق- مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىگە بولغان ياكى قوللانغان، باشقىلارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيىتىنى كاپالەت قىلغان قانۇن ۋاسىتىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئېلىمىزنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ۋە ئېتىراپ قىلىنغان مىللەتلەر ھوقۇقى

ETHNIC UNITY

قەلب چىرىغى: كىتاب ئوقۇش چاپچىپ كەتكەن يۈرەكنى تىنچلاندۇرىدۇ. (ئابلىز ساقى . ت)

جۇڭگودىكى خەنزۇ مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 56 مىللەت ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان مىللىي ھوقۇق - مەنپەئەتكە مۇناسىۋەتلىك ھوقۇقتىن ئىبارەت. ئېلىمىزدە ھەرقايسى مىللەتلەر كەڭ مىللەتلەر ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، بۇ ھوقۇقلارنى ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەملەرگە ئاساسەن ھەر خىل تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ: مىللەتلەر ھوقۇقىنى چېتىلىدىغان ئىجتىمائىي ساھەلەرگە ئاساسەن، سىياسىي ھوقۇق، ئىقتىسادىي ھوقۇق ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقىدىن ئىبارەت 3 چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. مىللەتلەر ھوقۇقى سىستېمىسىدا مىللەتلەر ھوقۇقىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇ ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان كەڭ مىللەتلەر ھوقۇقىنى ئىپادىلەپ بەردى. ھەر بىر تۈرلۈك مىللەتلەر ھوقۇقى بىرقانچە كونكرېت ھوقۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ كونكرېت ھوقۇقلار ئېلىمىزنىڭ قانۇندىكى مىللەتلەر ھوقۇقى سىستېمىسىنى ھاسىل قىلغان. نەشىر بۇيۇملىرىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان ۋە ھاقارەتلەيدىغان مەزمۇنلارنى بېسىش جىنايىتى مىللەتلەر ھوقۇقىغا ئېغىر دەرىجىدە دەخلى - تەرۇز قىلىشنى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەت ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇندا، مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ھوقۇق بىلەن ماس كېلىدىغان مەجبۇرىيەت ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، بۇ ئەركىنلىكنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە تېخىمۇ ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن، دۆلەت يەنە بىر قىسىم قانۇن، بەلگىلىمە، تارماقلار نىزامى ۋە يەرلىك قائىدە- قانۇنلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشقا دائىر مەزمۇنلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بەلگىلەپ ئېلان قىلدى. قانۇن تۈرغۈزغۇچى ئورگانلار خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى تەكلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، نەشىر بۇيۇملىرىغا قارىتا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان، ھاقارەتلەيدىغان مەزمۇنلارنى بېسىش جىنايىتى ھەققىدە مەخسۇس ماددا بەلگىلىدى. مەزكۇر جىنايەت جىنايەت سادىر قىلغۇچىنىڭ نەشىر بۇيۇملىرىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان ۋە ھاقارەتلەيدىغان مەزمۇنلارنى بېسىپ، قىلمىشى قەبىھ بولۇپ، يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 250 - ماددىسىدا، نەشىر بۇيۇملىرىغا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان ۋە ھاقارەتلەيدىغان مەزمۇنلارنى بېسىپ چىقارغانلاردىن قىلمىشى قەبىھ، ئاقىۋىتى ئېغىر بولغان بىۋاستە جاۋابكارلارغا 3 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ياكى رىجىم جازاسى بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

**ئۈچىنچى، «قانۇنسىز يوللار بىلەن پۇقرالارنى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىش جىنايىتى» ۋە «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش جىنايىتى» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن**

ئېلىمىز — كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق دۆلەت. مىللەتلەر مەسىلىسى بىلەن دىن مەسىلىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش — دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا بېرىپ تاقىلىدىغان مۇھىم مەسىلە. 1979 - يىلىدىكى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 147 - ماددىسىدا پۇقرالارنى قانۇنسىز يوللار بىلەن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىش جىنايىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش جىنايىتى

ETHNIC UNITY

بەلگىلەنگەن. يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بۇ ماددىغا مۇۋاپىق تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى: بىرىنچىدىن، بۇ 2 خىل جىنايەتنىڭ جىنايەت سۇبيېكتى دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملار قىلىپ بېكىتىلدى؛ ئىككىنچىدىن، «ھەققانىي دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى» دېگەندىكى «ھەققانىي» دېگەن سۆز چىقىرىۋېتىلدى. بۇ خىل تۈزىتىش يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىنى تېخىمۇ ئىلمىيلىككە ۋە كەسكىنلىككە ئىگە قىلدى.

يۇقىرىلارنى قانۇنسىز يوللار ئارقىلىق دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىش جىنايىتى دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ يۇقىرىلارنى قانۇنسىز يوللار ئارقىلىق دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىشنى، قىلمىشنىڭ ئېغىر بولغانلىرىنى كۆرسىتىدۇ. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى دېگىنىمىز: يۇقىرىلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇنداق دىنغا ياكى ئۇنداق دىنغا ئېتىقاد قىلىش، بۇنداق دىنىي پائالىيەت بىلەن ياكى ئۇنداق دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئەركىنلىكى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش جىنايىتى دېگىنىمىز: دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە قانۇنسىز يوللار ئارقىلىق ئارىلىشىپ ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، قىلمىشى ئېغىر بولغان ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكى ھوقۇقىنى بەرگەن. يېڭى ئاساسىي قانۇننىڭ 251 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، يۇقىرىلارنى قانۇنسىز يوللار بىلەن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلغانلارغا ياكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلغانلارغا 2 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

**تۆتىنچى، يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىدا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىنى جانلىق تۈرگۈزۈشى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە قايتا تەكىتلەنگەن**

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن خەنزۇلار رايونلىرى ئوتتۇرىسىدا سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتە روشەن پەرق بار، شۇڭا بۇلارنى قانۇنچىلىق ساھەسىدىمۇ ئەكس ئەتتۈرمەي بولمايدۇ. ئاساسىي قانۇننىڭ 116 - ماددىسىدا: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە نىزامنى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشقا ھوقۇقلۇق» دەپ بەلگىلەنگەن. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 6 - ماددا 2 - تارمىقىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلماسلىق پرىنسىپى ئاستىدا، ئالاھىدە سىياسەت ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ھوقۇقلۇق» دەپ بەلگىلەنگەن. 20 - ماددىسىدىمۇ: «يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قارار، بەلگىلىمە، بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەي قالسا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىجرا قىلسا ياكى ئىجرا قىلىشنى توختاتسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. 1979- يىلى تۈزۈلگەن جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 80 - ماددىسىدا: «بۇ

قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر ئانچە مۇۋاپىق كەلمەي قالغان ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئاپتونوم رايونلۇق ياكى ئۆلكىلىك دۆلەت ھاكىمىيىتى ئورگانلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋە مۇشۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاساسىي پرىنسىپلارغا ئاساسەن، جانلىق ياكى قوشۇمچە بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ يولغا قويسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. مەزكۇر ماددىنىڭ «ئاپتونوم رايونلۇق ياكى ئۆلكىلىك دۆلەت ھاكىمىيىتى ئورگانلىرى» دېگەن جۈملىسى يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 90 - ماددىسىدا «ئاپتونوم رايونلۇق ياكى ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى» دەپ ئۆزگەرتىلدى، باشقا مەزمۇنى بىردەك ئەينەن ئېلىندى. يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەر مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا زۆرۈر بولغان جانلىق ياكى قوشۇمچە بەلگىلىمىلەرنى يولغا قويۇشتىكى قانۇنىي ئاساس بولۇپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، زۆرۈر بولغان جانلىق ياكى قوشۇمچە بەلگىلىمىلەر دۆلەت قانۇنىنىڭ تولۇقلىنىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشىدۇر، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى ۋە قانۇنلاشتۇرۇلۇشىدۇر. 1979- يىلى جىنايى ئىشلار قانۇنى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن بۇگۈنگىچە بولغان ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، 1979 - يىلىدىكى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ۋە كۆپ ساندىكى ماددىلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىپ كەتمىدى، شۇڭا ئۇنىڭ بەزى ماددا، تارماقلىرىنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن جانلىق ئىجرا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلىش جىنايەتچىلەرنى توغرا، قاتتىق جازالاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ياخشى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق.

بۇلاردىن باشقا، يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 103 - ماددىسىدا يەنە دۆلەتنى پارچىلاش جىنايىتى ۋە دۆلەتنى پارچىلاشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىش جىنايىتى بەلگىلەندى. بۇ جىنايەت جىنايەتچىنىڭ قىسمەن رايونلاردىكى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ مىللەتچىلىك كەيپىياتى ياكى مۇستەقىللىق كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، دۆلەتنى پارچىلاشقا، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىش جەھەتتىكى تەشۋىقات ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. دۆلەتنى پارچىلاش قىلمىشى دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، تېخىمۇ يامىنى ئۇ، مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپ بولۇپ، پۈتكۈل دۆلەتكە ئاپەت كەلتۈرىدۇ. دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، دۆلەتنى پارچىلاش قىلمىشلىرىغا قاتتىق قانۇنىي جازا بېرىش كېرەك.

قىسقىسى، يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق تەڭشەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەققانىي ھوقۇق - مەنپەئىتى، ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى تولۇق قوغدىغان بولۇپ، ئۇ ئېلىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ يەنىمۇ مۇكەممەللەشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ئۇ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنلىرى ئارىسىدا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۇرالايدۇ. شۇنىڭغا كامىل ئىشىنىمىزكى، يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ يولغا قويۇلۇشىغا ۋە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى چوقۇم يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

(قاھار ئوسمان تەرجىمە قىلدى)

لوقۇرمەندىن: كېرىيە ناھىيىسىدىكى مۇراد لەپەندى، بىز سىزنىڭ نادىر ھېكايىلىرىڭىزگە تەشنا!

# «دۆلەتنىڭ نامرات رايونلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى» غا ئائىت ئەڭ يېڭى مەلۇمات

ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى جياڭ تيەن

1996 - يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا، بىز «دۆلەتنىڭ نامرات رايونلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى»غا ئائىت مەسىلىلەر ئۈستىدە دۆلەت مائارىپ كومىتېتىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنى زىيارەت قىلدۇق.

«دۆلەتنىڭ نامرات رايونلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «قۇرۇلۇش» دەپ ئېلىندى) 1995 - يىلدىن ئېتىبارەن «2 - بۆلەك» رايوندىكى 12 ئۆلكىدە يولغا قويۇلغان بولۇپ، مۆلچەرلىنىشىچە، 1997 - يىلنىڭ ئاخىرىدىن 1998 - يىلنىڭ باشلىرىغىچە ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىدىكەن. 1998 - يىلدىن باشلاپ 2000 - يىلغىچە، بۇ «قۇرۇلۇش» نىڭ «ئاساسلىق جەڭ مەيدانى» «3 - بۆلەك» رايون يەنى غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇبتىكى شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، نىڭشيا، چىڭخەي، گەنسۇ، شىزاڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، گۇيجۇ قاتارلىق 9 ئۆلكە، ئاپتونوم رايونغا يۆتكىلىدىكەن.

بۇ «قۇرۇلۇش» ئېلىمىز تارىخىدا مەركەز ئەڭ كۆپ مەبلەغ سالغان، كۆلىمى ئەڭ زور بولغان مەملىكەت خاراكتېرلىك مائارىپ قۇرۇلۇشى بولۇپ، مۆلچەرلىنىشىچە، «قۇرۇلۇش»قا سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 10 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كېتىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز مالىيىسى 3 مىليارد 900 مىليون يۈەن ئاجراتقان.



«قۇرۇلۇش» نى دۆلەت مائارىپ كومىتېتى بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكى بىرلىكتە يولغا قويغان بولۇپ، نامرات رايونلارنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىش، شۇ جايدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. «قۇرۇلۇش» مەبلىغى ئاساسلىقى يېزا - قىشلاقلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆي- بىنالىرىنى ئۆزگەرتىشكە، دۆلەتنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى، كىتاب - ماتېرىيال ۋە پارتا - ئورۇندۇقلانى تولۇقلاپ سەپلەشكە، ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدىكەن.

1996 - يىلى دۆلەت مائارىپ كومىتېتى بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكى «3 - بۆلەك»تىكى 9 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىن 32 نامرات ناھىيىنى تاللاپ چىقىپ «قۇرۇلۇش» سىناق نۇقتىسى قىلغان ھەمدە سىناق نۇقتىسىغا 180 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجراتقان.

1996 - يىل 9 - ئايدا دۆلەت مائارىپ كومىتېتى بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكى ئىچكى موڭغۇلنىڭ سۇنىت ئوڭ خوشۇنىدا

ETHNIC UNITY

چاقماق خەۋەر: لۇمەرجان ھەسەننىڭ «ياپونلارنىڭ زامانىۋى ئىگى» دىگەن تەرجىمىسى كېلەركى سان ژۇرنىلىمىزدا چىقىدۇ.

«3- بۆلەك» رايونىدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان سۆھبەت يىغىنى ئاچقان. 1997- يىل 3 - ئايدا يەنە گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى بەيسې ۋىلايىتىنىڭ تيەنرۇڭ ناھىيىسىدە «3 - بۆلەك» رايونىدىكى «قوش ئۆرۈلۈش» سىناق نۇقتىسى خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، تاغلىق رايونلارنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتكەن.

1997 - يىل 8 - ئايدا «قوش ئۆرۈلۈش» «3 - بۆلەك» رايونىنىڭ پىلان ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمەت يىغىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غۇلجا شەھىرىدە ئېچىلغان بولۇپ، بۇ «3- بۆلەك» رايوندا زور كۆلەملىك قوش ئۆرۈلۈشنىڭ باشلىنىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ يىغىندا «3 - بۆلەك» رايونىدىكى «قوش ئۆرۈلۈش» نىڭ پىلانى ۋە ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇش ئىشلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشتىن سىرت «2 - بۆلەك» رايون «قوش ئۆرۈلۈشى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى، «3 - بۆلەك» رايون «قوش ئۆرۈلۈشى» نىڭ سىناق نۇقتا تەجرىبىلىرى تونۇشتۇرۇلغان، مەركەزنىڭ مەخسۇس خىراجىتىنى تەقسىملەش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەمدە «قوش ئۆرۈلۈش»نى پىلانلىغۇچى ۋە باشقۇرغۇچى خادىملار تەربىيىلەنگەن.

«2 - بۆلەك» رايونلارنىڭ تەجرىبىلىرى «3 - بۆلەك» تىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ بۇ «قوش ئۆرۈلۈش» نى ئېلىپ بېرىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

دۆلەت مائارىپ كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى «قوش ئۆرۈلۈش» نىڭ «3 - بۆلەك» رايونلار پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش بويىچە خىزمەت يىغىنىدا «2 - بۆلەك» رايونلاردىكى «قوش ئۆرۈلۈش»نىڭ 2 يىلدىن بۇيانقى تەجرىبىلىرىنى مۇنداق يىغىنچاقلىغان:

رەھبەرلىك ئەھمىيەت بېرىش، ئېگىشلىك دەرىجىدە تونۇش ھاسىل قىلىش — «قوش ئۆرۈلۈش» نى يولغا قويۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى؛ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ يۈرۈشلەشكەن مەبلەغنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش — «قوش ئۆرۈلۈش» نى يولغا قويۇشنىڭ ئاچقۇچى؛

قائىدە - تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تۈرلەرنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش — «قوش ئۆرۈلۈش» نى يولغا قويۇشنىڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى.

«2 - بۆلەك» رايونىدىكى قوش ئۆرۈلۈش تۈرلىرىنى يولغا قويۇشتا دۇنيا بانكىسىنىڭ باشقۇرۇش تەجرىبىلىرى ئۈلگە قىلىنىپ بىر قاتار قاتتىق قائىدە - تۈزۈم ئۇمۇمىيۈزلۈك ئورنىتىلدى: مەبلەغنى باشقۇرۇش جەھەتتە، مەخسۇس خىراجەتنى ئايرىم ئامانەت قويۇش، مەخسۇس خىراجەتنى مەخسۇس ئىشلىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ مەبلەغنىڭ باشقا ئورۇنغا ئىشلىتىلىپ كېتىلىشى ۋە تۇتۇپ قېلىنىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدى ئېلىندى؛ قوش ئۆرۈلۈش ئەسلىھەلىرىنى سېتىۋېلىشتا، تۈرلەرنى بېكىتىش، لايىھەلەش، خېرىدار چاقىرىشتىن تارتىپ قوش ئۆرۈلۈشنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە مەبلەغنى ئاجرىتىپ بېرىش قاتارلىق ھەر بىر ھالقىدا نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇش ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلدى؛ تۈرلەرنى باشقۇرۇشنىڭ قېلىپلاشقان سىستېمىسى بەرپا قىلىندى.

تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش — «قوش ئۆرۈلۈش»نى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى. «2 - بۆلەك» رايوندا «قوش ئۆرۈلۈش» نى يولغا قويۇش داۋامىدا، ئامما ئىئانە قىلغان، توپلىغان مەبلەغ ۋە ئەمگەك كۈچى، ماتېرىياللارنىڭ رولى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇلدى. بولۇپمۇ مەكتەپ ئورنى ئۆچۈن يەر ئېلىش ۋە يەر ئىشلىتىشتە، جايلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار ۋە ئاممانىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشىپ، «قوش ئۆرۈلۈش»نى يولغا قويۇشنىڭ پۇختا ئاممىۋى ئاساسى تۇرغۇزۇلدى.

مۇۋاپىق پىلانلاش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش — «قوش ئۆرۈلۈش» نى يولغا قويۇشنىكى يادرولۇق مەسىلە. «2 - بۆلەك» رايوندا «قوش ئۆرۈلۈش» نى يولغا قويۇش جەريانىدا، «قوش ئۆرۈلۈش» قىلىش بىلەن جايلارنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ يىراق كەلگۈسى نىشانى باشتىن-ئاخىر زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، تۈرلەرنى قانات يايدۇرۇشنىڭ پايدىلىق پۇرسىتىدىن تولۇق پايدىلىنىلدى. مەكتەپلەرنىڭ جايلىشىشى مۇۋاپىق تەڭشەلدى، مەكتەپ بىنالىرى پىلانلىنىپ، مەكتەپ قوش ئۆرۈلۈشى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، چەكلىك خىراجەتنىڭ ئەڭ زور ئۈنۈمى جارى قىلدۇرۇلدى.

« 2- بۆلەك» رايوندا «قوش ئۆرۈلۈش» نى يولغا قويۇش جەريانىدا، سەل قاراشقا بولمايدىغان بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلاندى. شۇڭا «قوش ئۆرۈلۈش» نىڭ سۈرئىتىگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىر يەتكەن، «قوش ئۆرۈلۈش» نىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كەتكەن.

## مەركەزنىڭ «3 - بۆلەك» رايونلارغا مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىشتا مايىل بولۇشى

مەركەزنىڭ مەخسۇس خىراجەتتىن مەبلەغ سېلىش پرىنسىپى «مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈش، مەبلەغنى دائىرىگە بۆلۈپ سېلىش، قەدەم - باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش، ئۈنۈمگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش»تىن ئىبارەت. 1995 - يىلدىن 1997 - يىلغىچە «2 - بۆلەك» رايونىدىكى 12 ئۆلكىگە جەمئىي 1 مىليارد 320 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «3- بۆلەك» رايونىدىكى سىناق نۇقتىسى خىزمىتىگە 180 مىليون يۈەن ئاجرىتىلغان. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، مەركەزنىڭ مەخسۇس خىراجىتى ئاساسلىقى «3 - بۆلەك» رايونىدىكى 9 ئۆلكە، ئاپتونوم

رايون ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنگە ئىشلىتىلىپ، مەبلەغنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يەتكەن. بۇنىڭغا سىناق نۇقتىلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن 180 مىليون يۈەننى قوشقاندا، ئومۇمىي مەبلەغ 2 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يەتكەن.

بۇ قېتىمقى مەركەز مەخسۇس خىراجىتىنى تەقسىملەش ئىشى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئالاقىدار تارماقلار، ئالاقىدار ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايون ۋە «قۇرۇلۇش» مۇتەخەسسىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ قايتا ـ قايتا پىكرىنى ئېلىش، «3 ـ بۆلەك» رايوننىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇش ئارقىلىق قارار قىلىنغان بولۇپ، كۆرسەتكۈچنىڭ تەقسىم قىلىنىش ئاملى نوپۇس، مىللەت، نامراتلىق دەرىجىسى، يەرلىك مالىيە كۈچى، مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسى، چېگرا، خەتەرلىك ئۆي ۋە قۇرۇلۇشلارنىڭ پۈتۈش قىممىتى قاتارلىق 11 تۈرلۈك ئامىل مەخسۇس خىراجەتنى تەقسىم قىلىش ئاساسى قىلىنىپ، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونغا ئاجرىتىلغان مەركەز مەخسۇس خىراجىتىنىڭ كۆرسەتكۈچ لايىھىسى كومپيۇتېردا تەقلىدىي بېكىتىلگەن. بۇ لايىھىگە، دۆلەت مائارىپ كومىتېتىدىكى ئالاقىدار كەسپىي مەھكىمە ئىدارىلەر قوشۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت مائارىپ كومىتېتى ۋە مالىيە مىنىستىرلىكى رەھبەرلىرىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللانغان. بۇ لايىھىگە ئاساسەن، «3 ـ بۆلەك» رايوندىكى ھەر بىر «قۇرۇلۇش» تۈرى يولغا قويۇلىدىغان ھەر بىر ناھىيە ئېرىشكەن مەركەز مەخسۇس خىراجىتى، «2 ـ بۆلەك» رايونىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا % 76.4 يۇقىرى بولغان؛ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن مەركەزنىڭ مەخسۇس خىراجىتى تەخمىنەن «2 ـ بۆلەك» رايونىنىڭكىدىن 3 ھەسسە ئارتۇق بولغان. بۇلار مەركەزنىڭ «3 ـ بۆلەك» رايونلىرىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىغا تولۇق ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ۋە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى، مەركەز مەخسۇس خىراجىتىنىڭ «3 ـ بۆلەك» رايونغا مايىل بولغانلىقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت «3 ـ بۆلەك» رايوننىڭ « 2 ـ بۆلەك» رايونغا قارىغاندا ئىقتىسادىي جەھەتتە قالاقلىقىنى، مالىيە مەبلىغى جەھەتتە قىيىنچىلىق كۆپلۈكىنى كۆزدە تۇتۇپ، «3 ـ بۆلەك» رايوندىكى «قۇرۇلۇش» تا زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان: بىرىنچى، مەركەز مەخسۇس خىراجىتىنىڭ سېلىنما سالمىقى «2 ـ بۆلەك» رايونلىرىنىڭكىدىن خېلىلا كۆپ بولغان؛ ئىككىنچى، يەرلىك مالىيىدىن تەلەپ قىلىنغان يۈرۈشلەشتۈرۈش نىسبىتى «2 ـ بۆلەك» رايونىنىڭكىدىن تۆۋەن بولغان، بۇ قېتىمقى مەركەز مەخسۇس خىراجىتىنىڭ سوممىسى بىرقەدەر كۆپ، يەرلىك مالىيە كۈچى ئومۇمىيۈزلۈك دېگۈدەك بىرقەدەر قىيىنچىلىقتا تۇرغان «3 ـ بۆلەك» رايونغا نىسبەتەن يۈرۈشلەشتۈرۈشنىڭ بېسىمى ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس. لېكىن بۇنىڭ بىر خىل مەسئۇلىيەت، بىر قېتىملىق پۇرسەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش كېرەك. قايسى رايون پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تېخىمۇ كۆپ مەبلەغنى جۇغلىيالىسا، شۇ رايون مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى بۇرۇن ئورۇنداپ، ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ۋاقىت ۋە كەسىپ ئەھلىلىرىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

ئىگىلىشىمىزچە، مەركەز جايلارنىڭ يۈرۈشلەشكەن مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش جەھەتتە بەزى تەڭشەش، كونترول قىلىش ۋاستىلىرىنى قوللانماقچى ئىكەن. مۇتەخەسسىلەر پىلاننى تەكشۈرگەندە، يۈرۈشلەشكەن مەبلەغنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ ئۆلكە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ يۈرۈشلەشكەن مەبلىغىنىڭ تەلەپكە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىگە قاراپ، تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغانلىرىنى بىردەك تەستىقلىمايدىكەن. مەركەز مەخسۇس مەبلىغىنى ئاجراتقاندىمۇ جايلارنىڭ يۈرۈشلەشكەن مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتىدىكەن. قايسى ئۆلكە ئالدىنقى يىللىق يۈرۈشلەشكەن مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرمىگەن بولسا، شۇ ئۆلكىگە ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان كېيىنكى يىللىق مەركەز مەخسۇس خىراجىتى كېچىكتۈرۈلىدىكەن ياكى توختىتىلىدىكەن. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش زۆرۈركى، يۈرۈشلەشكەن مەبلەغ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇنداق ئىككى مەسىلىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم ئىكەن: بىرىنچى، ھەقىقەتەن يۈرۈشلەشتۈرۈش ئىقتىدارى بولمىغان ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار يېزىلارغا، ئۆلكە (ئاپتونوم رايون)، ناھىيىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ئورۇنلار، شۇ دەرىجىلىك يۈرۈشلەشكەن مەبلەغ ئىچىدىن زۆرۈر بولغان ياردەملەرنى بېرىشى كېرەك ئىكەن. ئۇلارنى قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ قويۇشقا بولمايدىكەن؛ ئىككىنچى، يۈرۈشلەشتۈرۈشكە قولايلىق بولۇشىنىلا كۆزلەپ، «قۇرۇلۇش» تۈرىنى ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشى بولغان ئاتالمىش نامرات ناھىيىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق «قۇرۇلۇش» مەخسۇس خىراجىتىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك كېرەك ئىكەن.

نۆۋەتتە، «3 ـ بۆلەك» رايوندىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار «قۇرۇلۇش»نىڭ پىلانى ۋە تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پائال يولغا قويۇۋېتىپتۇ. مۆلچەرلىنىشچە، كېلەر يىلىنىڭ باشلىرىدا «قۇرۇلۇش» 9 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندا ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلىدىكەن.

(**يۈسۈپجان سۇلايمان، ئەلى راجى** تەرجىمە قىلدى)



***پاي تۈزۈمى زادى قانداق نەرسە؟ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ھالىتى قانداق؟ 98' ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟***

# 98' ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ۋە پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك

ۋاڭ فۇلىن

**پاي تۈزۈمى زادى قانداق نەرسە؟**

پاي تۈزۈمى تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. قەدىمكى يۇنان، رىم دەۋرلىرىدە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا، بازارنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، خۇسۇسىيلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي قالغانىدى. كىشىلەر تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ كاپىتالىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، سېلىنمىسىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە قاراپ تەقسىمات قىلىشقا پۈتۈشكەن. ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتنىڭ بۇ خىل شەكلى پاي تۈزۈمىنىڭ دەسلەپكى شەكلى ئىدى. دۇنيادا ھەقىقىي پاي تۈزۈمىدىكى تۇنجى شىركەت 1581ـ يىلى ئەنگلىيىلىكلەر قۇرغان سودا شىركىتى رۇۋانتى شىركىتى بولدى. 17 ـ 18ـ ئەسىرلەردە، پاي تۈزۈمى بىر خىل ئىلمىي كارخانا تۈزۈمى ۋە مۇلۇك تۈزۈمى بولۇپ پەيدىنپەي شەكىللىنىپ، 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە راۋاجلىنىپ، كارخانىلارنىڭ ئاساسلىق تەشكىلى شەكلىگە ئايلاندى. ئامېرىكىنى ئېلىپ ئېيتساق، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات تارىخى پاي تۈزۈمىدىكى ئىقتىساد تەرەققىيات تارىخى ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكا دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، پاي شىركىتى شەكلىنى قوللىنىپ تۆمۈريول ياسىغان ھەمدە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. 19ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ پولات ـ تۆمۈر، كۆمۈر، ماشىنىسازلىق قاتارلىق ئېغىر سانائەت تارماقلىرىدا ھەدېگەندىلا پاي شىركىتى تەشكىلى شەكلىنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىپ، پاي تۈزۈمى ئارقىلىق مەبلەغنى تېزدىن مەركەزلەشتۈرۈپ، چوڭ كارخانىلارنى يېڭىدىن قۇرۇپ، كونا كارخانىلارنى كېڭەيتىپ، گۇرۇھلارنى ۋە پايىنى كونترول قىلىدىغان شىركەتلەرنى تەشكىللەپ، مونوپول تەشكىلاتلارنى تېزدىن راۋاجلاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن روكفېللېر، مورگىن، فورت قاتارلىق چوڭ مالىيە گۇرۇھلىرى بارلىققا كېلىپ، ئامېرىكا ئىقتىسادى دۇنيادا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. 1ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندا، ئامېرىكا ماشىنىسازلىق سانائىتى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ % 90 نى پاي شىركەتلىرى يارىتقان بولۇپ، پاي تۈزۈمىدىكى تۆرلۈك شىركەتلەر پۈتۈن مەملىكەت بايلىقىنىڭ 3 \ 1 نى بىۋاسىتە كونترول قىلدى. نۆۋەتتە، پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك يېتەكچى رول ئوينايدىغان ئىگىلىك شەكلىگە ئايلىنىپ، پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركەتلىرى زامانىۋى شىركەت تۈزۈمىنىڭ تىپىك شەكلىگە ئايلاندى.

قېلىپلاشقان پاي ھەسسىدارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانىلار زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ مۇنداق 4 تۈرلۈك ئاساسىي ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىشى، يەنى: مۈلۈك ھوقۇقى ئېنىق

ئىز گۆتىلەر: كورلىدىكى ئابلىمىت ئالىپولىنىڭ «ئاكامنىڭ كېسىلى» جەدەلە ھېكايىلىرىگە تەشنامىز. قوبۇل قىلغۇچى: ن. مۇھەممەت

ETHNIC UNITY

بولۇشى، ھوقۇق بىلەن مەسئۇلىيەت ئايدىڭ بولۇشى، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا ئايرىلغان بولۇشى، باشقۇرۇش ئىلمىي بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىكى يادرو ۋە ئاچقۇچ — مۈلۈك بىلەن ھوقۇقنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇش ئاساسىدا، قانۇنىي ئىگىسى باشقۇرىدىغان ئىلمىي ۋە قېلىپلاشقان قۇرۇلمىنى شەكىللەندۈرۈپ، قانۇن بويىچە پايچىكلار قۇرۇلتىيى، مۇدىرىيەت يىغىنى، نازارەتچىلەر كېڭىشى ۋە دىرېكتورلار قاتلىمىنى بەرپا قىلىپ، مەبلەغ ئاساسىي گەۋدىسىنى كۆپ خىللاشتۇرۇپ ۋە تارقاقلاشتۇرۇپ، كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىدا چەكلەش مېخانىزمىنى ۋە ئىلھام بېرىش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنىڭ ھاياتىي كۈچىمۇ دەل مۇشۇ يەردە.

ئېلىمىزدە پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مەھسۇلى بولدى. 80- يىللارنىڭ بېشىدا، ئېلىمىزدە پاي تۈزۈمىنىڭ دەسلەپكى شەكلى بارلىققا كەلدى. 10 نەچچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىدىن ۋە پارتىيە 14- قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى 5 يىللىق تېز تەرەققىيات ئارقىلىق، پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان مۇھىم بىر بۆلەككە ئايلاندى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1996 - يىلى مەملىكەت بويىچە يېزا ۋە بېزىدىن يۇقىرى ئورۇندىكى سانائەت كارخانىلىرى ئىچىدە، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا 8282 گە يېتىپ، يېزا ۋە بېزىدىن يۇقىرى ئورۇنلاردىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ % 1.6 نى ئىگىلىگەن. شۇ يىلدىكى باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، ئىشقا ئاشۇرۇلغان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 330 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يېزا ۋە بېزىدىن يۇقىرى ئورۇنلاردىكى سانائەت كارخانىلىرى ياراتقان بارلىق سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ % 6.4 نى ئىگىلىگەن. پاي تۈزۈمىدىكى 107 كارخانا مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ 500 سانائەت كارخانىسى قاتارىدىن، 62 كارخانا ئەڭ چوڭ 500 مۇلازىمەت كارخانىسى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

## پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتمەكتە

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكى قېلىپلاشقان ئاساستا، بىرقەدەر تېز راۋاجلاندى. ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركەتلىرىنى ئالدى بىلەن قاتتىق تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، پىكگۇاشتىن تىزىمغا ئالدى. كارخانا كاپىتالىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، مەبلەغ سېلىش ئاساسىي گەۋدىسىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، مەبلەغ چىقارغۇچىلار تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، قانۇنىي ئىگىلەر ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ، شىركەت بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى رەتكە سالدى. «شىركەت قانۇنى» بويىچە قېلىپلاشقان ھالدا يۈرۈشتۈرۈۋاتقان شىركەتلەرنىڭ پىكگۇاشتىن تىزىمغا ئالدۇرۇشىغا رۇخسەت قىلدى. باشقا شىركەتلەر تەكشۈرۈش داۋامىدا كېلىپ چىققان مەسىلىلەرگە ئاساسەن، بىر- بىردىن قېلىپقا سېلىندى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1996 - يىلى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا يېزا ۋە بېزىدىن يۇقىرى ئورۇنلاردىكى سانائەت كارخانىلىرى ئىچىدە پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا 788 بولۇپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى يېزا ۋە بېزىدىن يۇقىرى ئورۇنلاردىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ % 1.3 نى ئىگىلىگەن. شۇ يىللىق باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، ئىشقا ئاشۇرۇلغان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليارد 200 مىليون يۈەن بولۇپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى يېزا ۋە بېزىدىن يۇقىرى ئورۇنلاردىكى سانائەت كارخانىلىرى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ % 4.2 نى ئىگىلىگەن. بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ھەتتا مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان. مەسىلەن، يەنبيەن چاۋشيەنزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا، كارخانا ئىسلاھاتى داۋامىدا ئاساسلىقى پاي تۈزۈمى ئەندىزىسى يولغا قويۇلغان بولۇپ، بىرقانچە يىلدىن بۇيان ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركەتتىن 11 ى، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن 1021 ى قۇرۇلغان.

پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن سالمىقى ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەسىر كۈچى غايەت زور بولماقتا. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇ نۇرغۇن جەھەتلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتمەكتە.

ھېكمەت: بىرسىنىڭ ساڭا ئېچىنىشىدىن ھەسەت قىلىشنى ياخشى. — گېربېرت (مەتتوختى سەيبەت.ت)

بىرىنچى، پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئاكسىيە بازارلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. 1997 ـ يىل 6ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا پاي چېكى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر 52 گە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە شۇ مەزگىلدە پاي چېكى بازارغا سېلىنغان 655 كارخانىنىڭ % 7.9 ىنى ئىگىلىدى. 1997 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىلا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا پاي چېكى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر (A پاي) 15 كە يەتتى. A پاينىڭ ئومۇمىي مىقدارى 600 مىليون يۈەندىن ئاشتى. ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئاكسىيە بىرژىلىرىدا پاي سودىسىغا قاتناشقانلارنىڭ سانى ۋە سودا ئومۇمىي سوممىسى خېلى زور مىقداردا ئاشتى. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى كارخانىلارنىڭ كاپىتال بازىرىغا يۈزلەنگەنلىكىنى، كاپىتال بازىرى ئارقىلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ ئاشقانلىقىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئاممىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئېڭىنىڭ زور دەرىجىدە ئاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

ئىككىنچى، پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى مەبلەغ سېلىش ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ كۆپ خىللىشىشى، تارقاقلىشىشى ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى مەبلەغ قىس بولۇش زىددىيىتىنى پەسەيتتى. 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مەملىكەت بويىچە 4300 دىن ئارتۇق ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ پاي دەسمايىسى ئومۇمىي قىممىتى 358 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، جەمئىيەتتىن تەخمىنەن 150 مىليارد يۈەن، ئىچكى قىسمىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن 35 مىليارد يۈەن، سىرتتىن تەخمىنەن 10 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ توپلىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىلا 1996 ـ يىلى «شىنجاڭ جۇڭخې»، «خۇيتۇڭ سۇ ئىنشائاتلىرى» قاتارلىق 4 خىل پاي چېكى شاڭخەي بىرژىسى ۋە شېنجېن بىرژىسىدا بازارغا سېلىنىپ، ئۇبوروت قىلىنىشقا بولىدىغان پايدىن 79 مىليون 500 مىڭ پاي چېكى تارقىتىلىپ، 400 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ توپلاندى. بۇ يىل 5ـ ئايدا دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، يەنبيەن تاشيول ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى 30 مىليون يۈەنلىك A پاي چېكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تارقىتىپ، 108 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلىدى.

ئۈچىنچى، پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى كاپىتالنى تولۇقلاش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشقا پايدىلىق بولۇپ، كارخانىلارنىڭ مۇلۇك جەھەتتىكى قەرز نىسبىتىنى تۆۋەنلەتتى. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا پاي تۈزۈمى ئاساس قىلىنغان ھازىرقى زامان كارخانا تۈزۈمى سىناق نۇقتىسى قىلىنغان كارخانىلارنىڭ مۇلۇك قەرزى نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن% 67 گىچە تۆۋەنلەپ، سىناق نۇقتىسى قىلىنمىغان كارخانىلارنىڭكىدىن 9 پونېنت تۆۋەن بولدى.

**98’ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك تەرەققىياتى قانداق ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ؟**

نۆۋەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش داۋامىدا مۇنداق بىرقانچە مەسىلىگە دىققەت قىلىش كېرەك:

1. تېخىمۇ ئېنىۋار بېرىلگەن ئالاھىدە مەدەت بېرىش سىياسىتىنى قوللىنىش كېرەك. بولۇپمۇ پاي چېكىنى تارقىتىپ بازارغا سېلىش كۆرسەتكۈچى ۋە مىقدارى جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئاكسىيە بازارلىرى ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈش كېرەك. ھازىر ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئاكسىيە بازارلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن يەنىلا ئارقىدا تۇرماقتا. لېكىن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ بايلىقى مول، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ يەر كۆلىمى دۆلەت ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ % 64 ىنى ئىگىلەيدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىگىلىك كۆلىمىمۇ بەلگىلىك سەۋىيىگە يەتتى. 1996 ـ يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان 8 ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايون ئىشقا ئاشۇرغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 640 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ % 9.4 ىنى ئىگىلىدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 301 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى سانائەت



مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىزنىڭ 10 يىللىقىنى قۇتلۇق تەبرىكلىگەن بارلىق ئاپتور، مۇشتەرىلەرگە كۆپ تەشەككۈر.

كارخانىلىرى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ % 10.5 ىنى ئىگىلىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا چولق ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى سانائەت كارخانىلىرىدىن 1300 دىن كۆپرەكى بار بولۇپ، مەملىكەت بويىچە شۇ خىلدىكى كارخانىلار سانىنىڭ % 9 ىنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا يىڭى پاي چېكى تارقىتىش مىقدارى ۋە كۆرسەتكۈچىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا شەرت ھازىرلىغان كارخانىلارنىڭ پاي چېكىنى بازارغا سېلىشىنى قوللاش كېرەك.

4. پاي تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇش كېرەك. تارىختا پاي تۈزۈمى قاتناش، ئېنېرگىيە قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان ئىدى. ئەنگلىيە 18 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىغىچە بولغان يېرىم ئەسىر ئىچىدە ئۇزۇنلۇقى 2200 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان قانال سىستېمىسىنى ياسىغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە ئەنگلىيىدە پويىز قاتنىغان تۆمۈر يول ئۇزۇنلۇقى 5000 ئىنگلىز مىلىغا يەتكەن ئىدى. ئامېرىكا مۇستەقىل بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھەرقايسى شتاتلىق ھۆكۈمەتلەر خۇسۇسىيلارنىڭ ھەسسىدارلىق شىركەتلىرىدىن پايدىلىنىپ مەبلەغ توپلاپ، تاشيول، قانال ۋە تۆمۈريول ياسىشقا ئالاھىدە رۇخسەت قىلغان ئىدى. 1916 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئامېرىكىدىكى تۆمۈريول ئۇزۇنلۇقى 400 مىڭ كىلومېتىرغا يېتىپ، غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر تۆمۈر يوللىرى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىدىن ئېشىپ، دۇنيادىكى تۆمۈر يول ئومۇمىي مۇساپىسىنىڭ 3 \ 1ىنى ئىگىلىگەن ئىدى. غايەت زور مەبلەغ سەرپ قىلىنغان بۇ قۇرۇلۇشلار پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلغان. ماركس ئېيتقاندەك، بۇ ئىشلارنى ھەسسىدارلىق شىركەتلىرى كاپىتال جۇغلاپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا ئورۇنداپ بولغان ئىدى.

ئەمدى دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق، پاي تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىدىكى رولى تېخى يېتەرلىك جارى قىلدۇرۇلغىنى يوق. تاشيول قۇرۇلۇشىنى ئالساق، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىغا سالغان مەبلىغى 67 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە، مىناشىنا قاتناۋاتقان تاشيول ئۇزۇنلۇقى 1 مىليون 180 مىڭ كىلومېتىرغا يەتتى. لېكىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئاپتوموبىل ترانسپورت ئىقتىدارىنىڭ ئاشقانلىقى تۈپەيلىدىن، تاشيول قاتنىشىدا مىقدارى ئاز بولۇش، ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇش، ئۆسكۈنىلەر قالاق بولۇش، تىقىلىپ قېلىش دېگەندەك مەسىلىلەر بولماقتا. ئەمما ...

تاشيول قاتنىشىدا مىقدارى ئاز بولۇش، ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇش، ئۈسكۈنىلەر قالاق بولۇش، تۇشۇش كۈچى كەمچىل بولۇشتەك مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت بولماقتا. ھازىر بازارغا سېلىنىۋاتقان تاشيول ئۇقۇم پايلىرى ئىچىدە A پايدىن پەقەت «يەنبيەن تاشيولى»دىن ئىبارەت بىرسىلا، B پايدىن «گۋاڭگاۋ پاي»، H پايدىن «چېڭدۇ — چۇڭچىڭ تاشيولى»، «ئەنخۇي — نەنتۇڭ» تاشيولى قاتارلىقلار بار. شۇڭا، ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى جەھەتتە، پاي تۈزۈمىدىكى مەبلەغ سېلىش شەكلىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى قىسىش ۋە چەكلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك.

3. پاي تۈزۈمى يولغا قويۇلسىلا، ھەممە ئىش يۈرۈشۈپ كېتىۋەرمەيدۇ. شۇڭا، ھە ـ ھۇ بىلەنلا ئىش كۆرۈشنىڭ قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى بار. مەسىلەن: جەمئىيەتنىڭ يېتىلىش دەرىجىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسى تۆۋەن، دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىكنىڭ سالمىقى زور، كارخانىلارنىڭ كۆلىمى ئومۇمىيۈزلۈك كىچىكرەك، تەشكىللىي قۇرۇلمىسى خېلىلا بىر تەرەپلىمە، بازارلىشىش، كەسپلىشىش دەرىجىسى تۆۋەنرەك، ۋەھاكازالار. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ئۇزاق مۇددەتلىك مۇشكۇل ۋە مۇرەككەپ قۇرۇلۇش. پاي تۈزۈمى ئىسلاھاتى دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەكلى ۋە يولى، لېكىن بىردىنبىر تاللاش يولى ئەمەس. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا زور مىقداردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوتتۇرا ۋە كىچىك كارخانىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كاپىتالنىڭ ئېقىشى ۋە قايتا بىرىكىش لايىھىلىرىنى تاللاشنىڭ يوللىرى خىلمۇ خىل. پاي تۈزۈمى ئىسلاھاتىدىمۇ «پائال يولغا قويۇش، قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇرۇش، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش، مۇقىم راۋاجلاندۇرۇش» پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، توغرا يېتەكلەش، پائال ۋە پۇختا يولغا قويۇش لازىم.

شۇنى ئالدىن مۆلچەرلەشكە بولىدۇكى، پاي تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي

ETHNIC UNITY

ھېكمەت: ئۆمۈر ئۆتۈپ كېتىدۇ. كىم ئۆزىنىڭغا يېتىشەلمىسە، ئىككىلىنىش ئىچىدە قالىدۇ. — م. گوركىي (مەتتوختى سەيپەت. ت)

تەرەققىياتىدا يېڭى ئىشىش نۇقتىسىغا ئايلىنىدۇ. بولۇپمۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ قاتناش، ئېنېرگىيە ۋە مۇھىم خام ئەشيا ماتېرىياللىرى قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئىچىدە بۇ خىلدىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە سېلىنىدىغان مەبلەغ غايەت زور بولغانلىقتىن، پايىنى دۆلەت كونترول قىلىدىغان ياكى دۆلەت پاي قوشقان پاي تۈزۈمى ئاساسلىق مەبلەغ سېلىش شەكلىگە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زور كۆپ ساندىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارمۇ ئاخىرىدا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن ئىبارەت پاي تۈزۈمى شەكلىنى تاللايدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى بازار ئىگىلىكىنىڭ شانلىق ئەتىسىنى جەزمەن كۈتۈۋالىدۇ.

(قادىر توختى **مەشھۇرى** تەرجىمە قىلدى)

## مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش

ھويلىمىزدا ئىككى تۈپ دەرەخ بار ئىدى. بىر تۈپى تامنىڭ دالدىسىدا ئېگىز ھەم تۈپتۈز ئۆستى؛ يەنە بىر تۈپى ھېچقانداق دالدا بولمىغاچقا، قار ـ بوراننىڭ زەربىسىدە شاخلىرى ئەگرى ـبۈگرى، ئىنتايىن كۆرۈمسىز ئۆستى. بىز باللار ئۇنى ئانچە ياخشى كۆرمەيتتۇق.

ھەش ـ پەش دېگۈچە بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. ياز پەسلىنىڭ بىر كۈنى، شەھىرىمىز كەمدىن ـ كەم بولىدىغان تەيفېڭ بورىنىنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىدى. شۇ كۈنى ئەتىگىنى ئورنۇمدىن تۇرۇپ، دېرىزىنى ئېچىپ ھەيران قالدىم: ھېلىقى ئېگىز تام غۇلاپ چۈشۈپ، تۈپتۈز دەرەخ قاپ بېلىدىن سۇنۇپ كېتىپتۇ. ئەگرى- بۈگرى ئۆسكەن ھېلىقى دەرەخ سەل قىيسىيىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا مەزمۇت تۇرۇپتۇ.

بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ نەدىمۇ بىر ئۆمۈر ئاتا ـ ئانىغا تايىنىپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئىش بولسۇن؟ شۇ يىلى مەن مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن شېنجېنغا باردىم.

بىر كىشى دائىم باشقىلاردىن پاناھلىق تىلەۋەرسە، بېشىغا كۈن چۈشكەندە بەرداشلىق بېرەلمەي قالىدۇ. شۇڭا، ئادەم ئۆزىگە تايىنىپ، مۇستەقىل ياشىغىنى تۈزۈك.

**خەمىت نېغمەت** تەييارلىدى

## جىمجىتلىق

ئىككى رەسسام «جىمجىتلىق» دېگەن تېمىدا رەسىم سىزىپتۇ.

بىر رەسسام سۇ يۈزى خۇددى سىنئەينەككە ئوخشايدىغان تىپتىنچ كۆل سۈيىنى سىزىپتۇ. ئۇنىڭغا قوشۇپ يەنە يىراقتىكى تاغنى ۋە كۆل سۈيىگە چىلىشىپ تۇرغان ئوت ـ چۆپلەرنىمۇ سىزىپتۇ.

يەنە بىر رەسسام ئۇۋىسىدا ئۇخلاۋاتقان قۇشنى سىزىپتۇ.

ئۇلارنىڭ قايسىسى «جىمجىتلىق»نى ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلىدى؟

ئىككىنچىسى. چۈنكى، ئۇ جىمجىتلىقنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن؛ بىرىنچى رەسسام گەرچە تىنچ كۆل سۈيىنى سىزغىنى بىلەن، ئۇ پەقەت ئۆلۈك سۇ، خالاس. كىشىلىك تۇرمۇشمۇ ئەنە شۇنداق.

كۆپ ۋاقىتلاردا، تۇرمۇشتا جىمجىت ھالەتنى ساقلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىراق، قەلب شۇ كۆل يۈزىگە ئوخشاپ قالسا، ئۇگۇشسىزلىققا ئۇچرىشىمىز مۇقەررەر بولۇپ قالىدۇ. رەسىمدىكى قۇشقاچ ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ شىددەتلىك شارقىراتمىنىڭ قېشىدىمۇ جىمجىت ئۇخلاۋاتىدۇ. ئۇ چوقۇم كۆڭلىدە، يىراقنى كۆزلەپ، كۈچ ـ قۇۋۋەت توپلاپ، ئۇچۇشقا ئالدىن تەييارلىق كۆرۈۋاتقان بولسا كېرەك.

ۋاق ـ چۇگلۇق شەھەردىمۇ جىمجىتلىقنى ساقلىغىلى بولىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا مەغرۇرلانماي، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا مەيۈسلەنمەسلىك كېرەك. شۇندىلا يۇقىرى مەنزىلگە يەتكىلى بولىدۇ.

ETHNIC UNITY

# جۇاڭزۇ مىللىتى ۋە گۇاڭشى

# جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى

ئەركىن مۇھەممەت

جۇاڭزۇلار مەملىكىتىمىزدىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ ئاز سانلىق مىللەت بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، قالغان قىسمى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ ۋېنشەن جۇاڭزۇ ـ مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ليەنشەن جۇاڭزۇ ـ ياۋزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان، يەنە ئاز بىر قىسمى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارغا تارقالغان. جۇاڭزۇلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 15 مىليون 489 مىڭ 630 (1990 ـ يىلدىكى سان) بولۇپ، نوپۇس جەھەتتە خەنزۇلاردىن قالسىلا مەملىكەت بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ.

جۇاڭزۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىلىق بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك قاراشتىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار چىن، خەن سۇلالىلىرى زامانىدىكى يۆ مىللىتى بىلەن يىلتىزداش ئىكەن. ئەينى زاماندىكى يۆلەر چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنى ھەم لىڭنەن (ھازىرقى گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن قاتارلىق جايلار) رايونىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، نۇرغۇن قەبىلىلىرى بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن «بەييۆ» (تۈرلۈك يۆلەر) دېگەن نامى ئالغان. ۋېي، جىن خانلىقلىرى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر «ئۇنۇ»، «لى»، «لياۋ» دەپ ئاتالغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «لىلياۋ» ياكى «مەنلياۋ»لار دېيىلگەن. كۆپ ساندىكى تەتقىقاتچىلار بۇ ناملارنىڭ ھەممىسىلا جۇاڭزۇ مىللىتىنىڭ قەدىمكى نامى دېيىشىدۇ.

جۇاڭزۇلار ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ تۈرلۈك مەدەن بايلىقلىرى، ئورمان، سۇ بايلىقلىرى ناھايىتى مول. شىمالىي ۋە جەنۇبىي گۇاڭشى تاغلىق رايونلىرىنىڭ ھەممىلا يېرى قويۇق ئورمانلار بىلەن قاپلانغان، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، قارىغاي، دۇپ، بامبۇك، كاۋچۇك، كامفورا دەرىخىگە ئوخشاش ھەر خىل ياغاچ ماتېرىياللىرى چىقىدۇ؛ غەربىي جەنۇب قىسمىدا يەنە دارچىن دەرىخى، كاشتانغا ئوخشاش بىرمۇنچە قىممەتلىك دەرەخلەرمۇ ئۆسىدۇ. بېيبۇۋەن قولتۇقى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ بېلىقچىلىق مەيدانلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. تۈرلۈك بېلىقلار، خەيسېك (قاراشۇغا)، خەيدەي، ئۈنچە ـ مەرۋايىت قاتارلىقلار ناھايىتى كۆپ چىقىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ دۇنيا بازىرىدا ئەزەلدىن داڭقى چىقىرىپ كېلىۋاتقان «جەنۇب ئۈنچىسى» گۇاڭشىنىڭ بېيخەي ۋە خېپۇ رايونلىرىدىن چىقىدۇ. گۇاڭشىدىكى مانگان كانىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپىسى مەملىكەت بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ، ئوغۇت ۋە يالتىراق ئىشلەشكە خام ئەشيا قىلىشقا بولىدىغان ھاك تېشى گۇاڭشىنىڭ ھەممىلا يېرىگە تارقالغان، رەڭلىك مېتال ۋە ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللارنىڭ تۈرىمۇ تولۇق. بۇلاردىن باشقا يەنە گۇاڭشىنىڭ ساياھەت بايلىقى ناھايىتى مول بولۇپ، جۇڭگو ۋە دۇنياغا مەشھۇر نۇرغۇن مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىلىرى، گۈزەل تاغ ـ دەريالىرى،



ETHNIC UNITY

ئوقۇرمەنلەردىن: ئاقسۇدىكى ئۆمەرجان ھەسەن نادىر تەرجىمە ئەسەرلىرىڭىزنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» دا دائىم كۆرۈپ تۇرساق.

قىياتاش رەسىملىرى بار. قويۇق ئېپتىدائىي ئۇرمانلىقلاردا ئەنئەنىۋى ئارلىق ياۋايى ھايۋانلار، قىممەتلىك دورا ئۆسۈملۈكلىرى ناھايىتى كۆپ.

جۇڭگو ئۆزبېكلىرىنىڭ تىلى خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى جۇڭگو - دۇڭزۇ تىللىرى ئائىلىسىنىڭ جۇڭگو - دەيزۇ تىل تارمىقىغا كىرىدۇ. جۇڭگو ئۆزبېكلىرى ئىلگىرى خەنزۇ يېزىقى بىلەن ترانسكرىپسىيىلەشتۈرگەن مەنە ئىپادىلەيدىغان «تۇسۇ يېزىقى»نى ئىشلەتكەن بولۇپ، ئادەتتە بۇ «4 چاسا جۇڭگو يېزىقى» دەپ ئاتالغان، ئەمما جۇڭگو ئۆزبېكلىرى ئارىسىدا تازا ئومۇملاشمىغان. ئازادلىقتىن كېيىن 1955 - يىلى پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كەڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئېلىپبەلىك يېزىق ئاساس قىلىنغان يېڭى جۇڭگو يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ بەردى. شۇندىن ئېتىبارەن جۇڭگو خەلقىنىڭ بىرلىككە كەلگەن مىللىي يېزىقى بار بولدى.

جۇڭگو ئۆزبېكلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن سالاسۇنلۇق ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ. بۇ ئادەتتە «ۋادەكلىك ئۆي» ياكى «بالىخانىلىق ئۆي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۆي ئۈستى، ئاستى 2 قەۋەتكە بۆلۈنىدۇ. ياغاچ، بامبۇكلار بىلەن تۈۋرۈك، پول شىلى ۋە ئۈستۈنكى قەۋەتنىڭ تاملىرى ياسىلىدۇ. ئۈستىنكى قەۋەتتە ئادەم ئولتۇرىدۇ، ئاستىنقى قەۋەتكە چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرى سولىنىدۇ ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا ئوخشاش نەرسىلەر قويۇلىدۇ. بۇ تىپتىكى ئۆيلەر يامغۇر كۆپ ياغىدىغان نەم ھاۋالىق جايلار ۋە تاغلىق رايونلار ياكى ئېدىرلىق جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدۇ. كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ گۇاڭشىنىڭ شىمالىي، غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسىملىرىدىكى چەت، يىراق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان جۇڭگو سالاسۇنلۇق ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىپ يۇرۇشلەشكەن راۋاق شەكىللىك ئۆيلەرگە ئۆزگەرتكەن. بۇنداق ئۆيلەر مەيلى ئىمارەت گەۋدىسىنىڭ چوڭلۇقى ۋە شەكلىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتلىرىدىن بولسۇن باشقا جايلاردا كەم ئۇچرايدۇ. پۈتۈن ئىمارەت ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن ياسىلىدۇ. ئۈستىنكى قەۋەت، ئاستىنقى قەۋەت ۋە راۋاقتىن ئىبارەت 3 قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئادەم ئولتۇرىدىغان قەۋەتتە كۆزنەتش راۋىقى، مېھمانخانا، ئاشخانا، ياتاق ئۆي قاتارلىق بۆلۈمچىلەر بولىدۇ ۋە يان ئىشكلەر قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىمارەتنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تاغقا بىۋاستە چىققىلى بولىدۇ.

جۇڭگولار گۈرۈچ ۋە بېلىق تۇرىدىكى يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىدۇ. شالنى كۆپ تېرىيدۇ. گۈرۈچنى ئۇن قىلىپ تارتىپ ھەر خىل شەكىلدىكى قوتۇرماچ، پېرمىنكىلەرنى ياسايدۇ.

جۇڭگولار كەشتىچىلىك، گۈل چېكىش، توقۇش ۋە كىمخاب زەرباپلارنى توقۇشتا ئالاھىدە ماھىر كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىتىدىغان خام ئەشيا ماتېرىياللىرى ۋە ئىشلەش ئۇسۇلى روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە. جۇڭگولارنىڭ كۆڭلەك، چاپان، يوپكا، ئۇزۇن شىم، ياغلىق، يوتقان تېشى، ئاسما سومكا، ئىشىك - دېرىزە پەردىلىرى، بەلۋاغ قاتارلىق بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىگە ناھايىتى كۆركەم گۈل نۇسخىلىرى كەشتىلىنىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان گۈل - گىياھلار، ئۇچار قۇشلار، ھايۋانات - جانلىقلارنىڭ ھەممىسى رەڭگارەڭ ۋە نەپىس نۇسخىلارغا ئايلاندۇرۇلۇپ، كىيىم - كېچەك ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا كەشتىلىنىپ ھەم توقۇپ چىقىرىلىپ قويۇق مىللىي ئۇسلۇب ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇلار كىمخابلىرىغا رەڭدار يىپلار ئارقىلىق «تورنىڭ قانات - قۇيرۇقلىرىنى ئېچىشى»، «سېغىزخاننىڭ مېيخۇاگۈلدە ئويۇنىشى»، «ئەجدىھا - سۇمۇرغلارنىڭ خەيرىسى»، «ھەممە گۈللەرنىڭ بەس-بەستە ئېچىلىشى» دېگەنگە ئوخشاش ناھايىتى چوڭقۇر مەزمۇنلۇق نۇسخىلارنى چۈشۈرىدۇ. جۇڭگو ئاياللىرى كۆپىنچە يوپكا كىيىدۇ. قاتلاق يوپكىلارنىڭ ئۇزۇنلىرى يەرگە تېگىپ تۇرىدۇ، قىسقىلىرى تىزغا چۈشىدۇ. كوپتىلىرى مەيلى چوڭ پەشلىك بولسۇن ياكى قوش پەشلىك بولسۇن، ئۇنىڭغا ئوخشاشلا گۈل نۇسخىلار كەشتىلىنىدۇ ياكى جىيەكلىرى بېزىلىدۇ، قوپال توقۇلغان يەرلىك رەختلەرگىمۇ كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك رەڭدار كەشتىلەر ئىشلىنىپ گۈزەللەشتۈرۈلىدۇ. ئەرلەرنىڭ كىيىنىشى ئاددىيراق بولۇپ، كۆپىنچە قارا، قاراكۆك، كۆك، ئاق رەڭلىك قوش پەشلىك ياكى چوڭ پەشلىك چاپان ۋە ئۇزۇن شىم كىيىدۇ. بەزىلىرى بېشىغا ئورام ياغلىق چىگىدۇ، بېلىگە بەلۋاغ باغلايدۇ.

كەشتە پوكزەك ئېتىش جۇڭگو خەلقى ياخشى

ETHNIC UNITY

كۆرىدىغان پائالىيەت بولۇپ، باھار بايرىمى مەزگىلىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. كەشتە پوكزەك دىئامېتىرى تەخمىنەن 6 سانتىمېتىر كېلىدىغان رەڭدار پوكزەك بولۇپ، ئىچىگە سېرىق پۇرچاق، قۇم قاچىلىنىدۇ، مۇسابىقە مەيدانىغا 3 جاڭ ئېگىزلىكتە بىر مومايافاچ تىكلىنىپ، مومىنىڭ ئۇچىغا بىر پارچە تاختاي مىخلىنىدۇ، كىمكى كەشتە پوكزەكنى ئاشۇ تاختايدىكى يۇملاق تۆشۈككە كىرگۈزەلىسە، شۇ كىشى ئۇتقان بولىدۇ. ئادەتتە مۇسابىقىگە 1 ئەر، 1 ئايال چۈشىدۇ.

ناخشا مەرىكىسى جۇاڭزۇ خەلقىنىڭ ناخشا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىدىغان ئەنئەنىۋى بايرىمى بولۇپ، كۆپىنچە ھەر يىل باھار پەسلىدە ياكى كۈزلۈك ھوسۇلدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەر قېتىملىق ناخشا مەرىكىسى بولغاندا، مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان كىشىلەر يىغىلىشىپ، توپ - توپ بولۇشۇپ، ئۆزئارا ناخشا- قوشاق ئېيتىشىدۇ. ئامما ياختى كۆرىدىغان ناخشا - قوشاقلار ئىچىدە مۇھەببەت ناخشىسى، سىنىشىش ناخشىسى، قەدىمكىگە تەقلىد ناخشا، قىسسە - داستان ۋە ئىنقىلابىي ناخشا قاتارلىقلار كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ناخشا - قوشاق ئېيتىشقان چاغدا، ناخشىچىلار ئىلھامنى ئۇرغۇتۇپ، ھازىر جاۋاب قوشاق توقۇپ ئېيتىشىدۇ. ناخشىلارنىڭ پىكىر قۇرۇلمىسى چاققان، ئوخشىتىشى جانلىق بولۇپ، جۇاڭزۇ خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

## گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى

گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى 1958 - يىل 3- ئاينىڭ 15- كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، يەر مەيدانى 236 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئاپتونوم رايون تەۋەلىكىدە 6 شەھەر، 8 ۋىلايەت، 72 ناھىيە، 8 ئاپتونوم ناھىيە بار. ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى نەننىڭ شەھىرى. ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە جۇاڭزۇ، ياۋزۇ، مياۋزۇ، دۇڭزۇ، گىلاۋزۇ، ماۋنەن، خۇيزۇ، يىزۇ، شۈيزۇ، جىڭپوزۇ، مۇلاۋ، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ياشايدۇ، جۇاڭزۇلار ئاپتونوم رايون ئاھالىسىنىڭ 3/1 قىسمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ يىل ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى بولۇپ، گۇاڭشىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ھەرقايسى ساھەلەردە قولغا كەلتۈرگەن شانلىق نەتىجىلىرى ئارقىلىق 40 يىللىق كاتتا مەرىكىسىنى كۈتۈۋالدى.

## مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار قىلالايدىغان ئىشلار

مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتنى بىر سىزىقلا ئايرىپ تۇرىدۇ، بىز ياشاۋاتقان دۇنيا ھەقىقەتەن ئادىل ئەمەس. مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار دائىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغۇچىلار قىلىشنى خالىمىغان ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈنلا بارغانسېرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدىكەن. ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار قىلىۋاتقان ئىشلارغا دىققەت قىلساق، بۇنى بايقىۋېلىش تەس ئەمەس.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار دائىم باشقىلار بىلەن ئەپ ئۆتىدۇ؛ ئۆز پىكرىنى ئۆز لايىقىدا، ئۇنۇملۇك ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ؛ باشقىلارنىڭ پىكرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدۇ؛ ھەممە نەرسىدىن باشقىلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى ئويلايدۇ؛ ھەتتا كىشىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنىمۇ خالايدۇ، بىز مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بۇنداق قىلىدىغانلىرىنى كەمدىن كەم ئۇچرىتىمىز.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار داۋاملىق ئالغا باسىدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بۇ دۇنيا ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، بىز بىلىدىغان، چۈشىنىدىغان ئىشلار، جۈملىدىن رەھبەرلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسى ناھايىتى تېز شاللىنىپ قالدى. مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغۇچىلار مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن تۇرلۇك لېكسىيە ۋە كۇرسلارغا قاتناشمايدۇ.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار دائىم باشقىلارنى جۈملىدىن ئۆزلىرى ياقتۇرمايدىغان، چىقىشالمايدىغان، پىكرى بىر يەردىن چىقمايدىغان كىشىلەرنى ھۆرمەتلەيدۇ. مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغۇچىلار مەلۇم ساندىكى كىشىلەرنىلا ھۆرمەتلەيدۇ.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلاردا مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بولىدۇ، باشقىلارنى سەمىمىيلىك بىلەن مەدھىيىلەيدۇ. مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغۇچىلاردا بۇ خىل ھالەت كەم ئۇچرايدۇ.

بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك ئالدىراش خىزمەتكە بېرىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىمىز. بىراق، بەزى ھاللاردا «مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى»نىمۇ ئويلاپ قويساق بولماس، سىزنىڭچىچۇ؟



ھېكمەت: دانالىقنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلىش كېرەك. — تېستېرون (مەنتوختى سەيپەت. ت)

# 100 يىللىق ئۆزگىرىشنى بېسىپ ئۆتكەن قازاقلار

خې شىڭلياڭ

100 يىل مابەينىدە قازاقلار ئەگرى ـ توقاي، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يوللارنى بېسىپ ئۆتتى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن 40 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا قازاقلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇرۇش بولۇپ، جەمئىيەت ئەنسىزچىلىكتە قېلىپ، قازاق خەلقى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىنىڭ ئازابلىرىنى بولۇشىچە تارتتى، بىرمۇنچە ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر تەرەپ ـ تەرەپلەرگە پىتراپ كېتىپ ئۆي ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلغانىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلۇپ، قازاقخەلقى ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنى بولدى، جەمئىيەت مۇقىم ـ خاتىرجەملىككە چۈشتى، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى تېز تەرەققىي تاپتى. 60 ـ يىللاردىن 70 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا قازاقلار رايونلىرىمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا چېكىدىن ئاشقان سول لۇشيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بىرمۇنچە زىيان تارتتى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، جەمئىيەت، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى، قازاقلار رايونلىرىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ھاسىل قىلدى، يېڭى قىياپەتكە كىردى: ئۇ رايونلاردا زامانىۋى چارۋىچىلىق بارا ـ بارا شەكىللەندى، زامانىۋى سانائەت كارخانىلىرىمۇ يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىلىرىدەك كۆپلەپ بارلىققا كەلدى.

بۈگۈنكى كۈندىكى قازاقلار 100 يىل



ئىلگىرىكى قازاقلار بولماستىن، بەلكى زامانىۋى تۈس ئالغان مىللەت بولۇپ قالدى.

## ئۇرۇقداشلىق قەبىلىدىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگىچە

قازاقلارنىڭ تارىختىكى سىياسىي تۈزۈمى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ باردى. قازاقلارنىڭ ئەڭ دەسلەپتىكى سىياسىي تۈزۈمى ئۇرۇقداشلىق قەبىلىسى ئاساسىدىكى سىياسىي تۈزۈم بولۇپ، ئاۋۇل، ئۇرۇق، قەبىلە قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز باشلىقلىرى بولۇپ، ئۇ باشلىقلارنى يۇقىرىدەرىجىلىك باشلىقلار تەيىنلىگەن ياكى بەلگىلىگەن بولماستىن، بەلكى ئۆز تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا سايلاش ۋە ياكى ۋارىسلىق قىلىش يولى بىلەن بەلگىلىنەتتى. چوڭ ـ كىچىك باشلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك مۇناسىۋىتى بولاتتى. ئۇنىڭدىن قالسا فېئودال ـ پاترىئارخاللىق ئەمەل تۈزۈمى بولۇپ، ئۇ تۈزۈم ئۇرۇقداشلىق ـ قەبىلە تۈزۈمى بىلەن فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ

ETHNIC UNITY

مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ، يەنى ئۇنىڭدا ھەم ئۇرۇقداشلىق ـ قەبىلە تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي شەكلى ۋە ئالاھىدىلىكى ساقلىنىپ قالغان، ھەم فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكى بار.

قازاقلار ئەمەل ـ مەنسەپ جەھەتتە چىڭ سۇلالىسىغا قارىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سىياسىي تۈزۈمىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن فېئودال ـ پاترىئارخاللىق تۈزۈمى شەكلىدە بولۇپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەسلىدىكى ئۇرۇقداشلىق قەبىلە ئاساسىدا قەبىلە باشلىقلىرىغا ۋاڭ، گۇڭ، تەيجى قاتارلىق مەرتىۋىلەرنى بەردى ھەمدە تاج كىيدۈردى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلى ۋە تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ چوڭ قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقلىرىغا گۇڭ، ئۇرۇق ئاقساقال باشلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىلىرىگە مىڭبېشى، قالغانلىرىغا يۈزبېشى ۋە ئەللىك بېشى دېگەن ئەمەل ناملىرىنى بەردى. گۇڭ قول ئاستىدا يەنە تەيجى، ئۇكۇرداي، زالىڭ، زەڭگى قاتارلىقلار بولاتتى. ئۇكۇردايىنىڭ قول ئاستىدا 1 ـ 3 كىچە زالىڭ، ھەر بىر زالىڭنىڭ قول ئاستىدا يەنە 1ـ 3 كىچە زەڭگى بولاتتى. تەيجى مىڭبېشىغا، زەڭگى يۈزبېشىغا ئوخشاپراق كېتەتتى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى قازاقلار رايونلىرى ئاساسەن چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. يۇمن شىكەي زۇڭتۇڭلۇققا ئولتۇرغاندا ئالتاي رايونىدىكى جەڭسقان گۇڭنىڭ ئوغلى ئەلەن ئايماق بەگلىكىگە، ئۇمۇرتەي گۇڭلۇققا، مامىخ زەكرىيابەيسىلىققا تەيىنلەندى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 12 تەيجى، 12 ئۇكۇرداي تەيىنلەندى. تەيجى، ئۇكۇرداي، زالىڭ، زەڭگىلەرنى شۇ ئۇرۇق قەبىلىلەر كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن. شۇنداق قىلىپ، تارباغاتاي، ئىلى قاتارلىق رايونلاردا يەنىلا مىڭبېشى، يۈز بېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلۇۋەردى. 1942 ـ يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن داۋاملىشىپ



كەلگەن ئەمەل ـ مەنسەپ ۋە مەرتىۋە ناملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىپ، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم، رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى، يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، باۋجاڭ، كەنت باشلىقى دېگەنلەرنى قويدى. ئەمما قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ئىمتىيازى يەنىلا ساقلىنىپ قېلىۋەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى قەبىلىلەرنىڭ باشلىقى ھەم ھاكىم، رايون باشلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مەلۇم قەبىلىنىڭمۇ باشلىقى بولۇپ كەلدى، شۇ جايدىكى ھەرقايسى قەبىلە ئەزالىرىنى بىۋاستە باشقۇرىدىغان بولدى. مەسىلەن، شىنجاڭنىڭ ئالتاي رايونىغا قاراشلىق بۇرچىن ناھىيىسىدە تېخى ھالدا شۇنداق بولۇپ كەلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى باراۋەرلىك ھوقۇق-مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى يولغا قويۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قازاقلار خوجايىنلىق ھوقۇقىغا ئېرىشتى. 1954 ـ يىلى شىنجاڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلدى، 1954 ـ يىلى بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلدى، 1954 ـ يىل 7ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى



ھېكمەت: لېرىلىق ئەخمەققە يۈك، جاھىلغا قىش، ئىلىم ئەھلىگە مول ھوسۇل دەۋرىدۇر. ــ ف. ۋولتېر (مەتتوختى سەيىت. ت)

مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلدى، 1954 ـ يىلى گەنسۇ ئاقساي ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلدى.

قازاقلارنىڭ ئاپتونوم جايلىرىنىڭ ئاپتونومىيىلىك ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ بىر دەرىجىلىك يەرلىك ھوقۇقلۇق ئورگىنى ۋە بىر دەرىجىلىك يەرلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنى بولۇپ، ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا، شۇنىڭدەك باشقا قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىگە ئاساسەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، ھەر دەرىجىلىك ئاپتونومىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى قازاق گراژدانلىرىدىن بولىدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق تارماقلارنىڭ 1 ـ قول باشلىقلىقىنىمۇ ئادەتتە قازاقلار ئۈستىگە ئالىدۇ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ئىچىدە قازاقلارنىڭ نىسبىتىمۇ خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

100 يىل مابەينىدە قازاقلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا خېلى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. تارىختا قازاقلار ئاساسلىقى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە چارۋىچىلىق يەنىلا ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بولۇپ كەلدى. قازاقلار چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، بەزى جايلاردا قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئادەتتە قىشلىق يايلاققا تېرىيدۇ، ئەتىيازدا قىشلىق يايلاقتىن قوزغىلىشتىن بۇرۇن يەرنى ئاغدۇرۇپ ئۇرۇق چۆكۈرۈپ قويۇپ يولغا چىقىدۇ. دېھقان زىرائەتلەرنى ئادەتتە پەرۋىش قىلمايدۇ، كۈز ئاخىرى قايتىپ كېلىپ زىرائەتلىرىنى يىغىۋالىدۇ. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەتلەردە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن ۋاقىتدا، قازاقلارمۇ بىر قىسىم يەرنى ئالغان، ئەمما ئۇلار بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى خالىمىغان. ئىجارە ئاشلىقنى تاپشۇرۇش ئۈچۈن، يەرلىرىنىڭ كۆپلىرىنى باشقا مىللەتلەرگە ناھايىتى تۆۋەن باھادا ئۆتكۈنۈپ بەرگەن. 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ قازاق چارۋىچىلار يۆتكۈنلەي چارۋىچىلىق بىلەنلا ياشاش كاپالەتكە ئىگە بولمايدىغانلىقىنى، تەبىئىي ئاپەتكە يولۇققاندا ياشاشنىڭ قىيىن بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ، يەرلەرنى تالىشىپ يۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان بولدى. بولۇپمۇ بۇرۇلتوقاي قاتارلىق ناھىيىلەردىكى قازاق چارۋىچىلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى تېرىقچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىغان بولدى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىن، چېكىدىن ئاشقان سول ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئاشلىقنى تۇتقا قىلىش بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەنگەچكە، كۆپلىگەن چارۋىچىلار دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۆزگىرىپ دېھقان بولۇپ كەتتى. 80 ـ يىللارغا كەلگەنگە قەدەر ئاساسلىقى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى قازاقلار 3/2 قىسمىنى دېگۈدەك ئىگىلەيدىغان بولدى. 3/1 قىسمىنى ئىگىلەيدىغان قازاقلار چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەندى. قازاقلار رايونىدىكى سانائەت، سودا ئىشلىرى ئاساسلىقى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن راۋاجلانغان. بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن سانائەت، كان ـ كارخانىلىرى، سودا، قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، بەزى شەھەرلەر شىنجاڭنىڭ زامانىۋى سانائىتىنىڭ ئاساسلىق مۇھىم شەھەرلىرىدىن بولۇپ قالدى. قازاقلارنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشى نوقۇل چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى.

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا قاتارلىق كۆپ خىل ساھە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تەرەققىيات ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۇسۇلى جەھەتتە، قازاقلار 20 ـ ئەسىردە كۆچۈپ يۈرۈشتىن بىر ـ بىرلەپ ئولتۇراقلىشىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. مۇشۇ ئەسىر كىرگەندىن بۇيان، ئۇلار نەچچە يۈزيىلدىن بېرى ئەجدادلىرىدىن داۋاملىشىپ كەلگەن كۆچۈپ يۈرۈپ مال باقىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى داۋاملاشتۇرۇپ، سۇ بىلەن چۆپكە قاراپ داۋاملىق كۆچۈپلا يۈرگەن بولۇپ، تۇراقلىق مۇقىم ماكان تۇتمىغان ئىدى. ئۇلار يايلاقنى ئەتىيازلىق يايلاق، يازلىق يايلاق، كۈزلۈك يايلاق ۋە قىشلىق يايلاق دەپ ئايرىپ مال باقىدۇ. ئەتىيازلىق يايلاق بىلەن كۈزلۈك يايلاق ئوخشاش بىر يايلاق بولسىمۇ، مال بېقىش ۋاقتى ئوخشىمايدۇ، خالاس. كۈزلۈك ۋە ئەتىيازلىق يايلاق

ETHNIC UNITY

ئادەتتە تاغ يوتىلىرى ياكى تاغ باغرىدا ۋە دەريا - ئۆستەڭ ياقىلىرىدىكى ئوتلاقلاردا بولىدۇ، يازلىق يايلاقلار ھاۋاسى سالقىن، ئوت - سۇلىرى ئەلۋەك بولغان ئېگىز تاغلاردا بولىدۇ، قىشلىق يايلاق بولسا ئادەتتە شامالدىن خالىيراق، كۈنگەي، تاغ قاپتاللىرى، ئويمانلار ياكى جىلغا ياقىلىرىدا بولىدۇ. كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىلىرى «ئاۋۇل» دەپ ئاتىلىدۇ، قانداشلىق مۇناسىۋىتى يېقىنراق بولغان 5 - 6 ئائىلە ياكى ئون نەچچە ئائىلە بىر ئاۋۇلنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاۋۇلدىكى ھەرقايسى ئائىلىلەر بىر يايلاقتا ئورتاق مال باقىدۇ ھەمدە پەسىللەر بويىچە بىرلىكتە يايلاققا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. بەزى جايلاردىكى 4 پەسىل ئۆتلىقى نەچچە مىڭ چاقىرىم ئارىلىقتا بولسىمۇ، چارۋىچىلار 100 قېتىمدەك يۆتكىلىپ مال باقىدۇ. ھەر بىر ئاۋۇل، ئۇرۇقنىڭ ئۆز ئالدىغا يايلاقلىرى بولىدۇ، ئۇلارنى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىگىلىۋېلىشىغا بولمايدۇلا ئەمەس، باشقا ئاۋۇل، باشقا ئۇرۇق- قەۋمدىكىلەرمۇ بېسىۋېلىشقا بولمايدۇ، 70 - يىللارغا قەدەر بۇنداق كۆچۈپ يۈرۈپ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۇسۇلى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

سەييارە تۇرمۇش ئۇسۇلى بىرمۇنچە نۇقسانلارغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش تەس، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ، ئىلمىي باشقۇرۇشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ، چارۋىچىلىقنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقىمۇ ئامال بولماي قالىدۇ؛ ھاياتى ۋەمال - مۈلكى كاپالەتكە ئىگە بولماي قالىدۇ. كىگىز ئۆيلەر بەك ئاددىي، بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرى بولمىغاچقا، چارۋىچىلار ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئوتلاقتىلا ئۇخلاپ كەلگەنلىكتىن، خىلمۇخىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغۇچىلارمۇ كۆپ بولۇپ كەلمەكتە. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تېبىبىي داۋالاش نۇقتىلىرى بولمىغانلىقتىن، كېسەل بولۇپ قالغانلارنىڭ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ دوختۇرغا بېرىشىغا توغرا كېلىدۇ. چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى كۆپرەك ئەمگەك كۈچىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلغانلىقتىن، چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسى كۆپرەك پەرزەنت كۆرۈشنى، بولۇپمۇ ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، يۆتكىلىپ يۈرۈشتە ئەر ئەمگەك كۈچى بولمىسا ناھايىتى قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئىشلەش بەك قىيىن بولىدۇ، چارۋىچىلار ئائىلە بويىچە چارۋا مال بىلەن بىللە يۆتكىلىپ يۈرۈپ بىرەر جايدا مۇقىم ماكان تۇتمىغاچقا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مەكتەپ ئېچىشتىمۇ قىيىنچىلىق كۆپ بولىدۇ.

ھازىرقى دۇنيادا تەرەققىي تاپقان كۆپ ساندىكى دۆلەتلەردىكى چارۋىچىلار مۇقىم ماكان تۇتۇپ ئولتۇراقلاشقان ياكى يېرىم مۇقىم ھالەتتە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئوت - چۆپكە ۋە سۇغا قاراپ كۆچۈپلا يۈرىدىغان مىللەت ناھايىتى ئاز. يېقىنقى 20 يىل مابەينىدە، قازاقلار ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر چارۋىچىلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ئىشىنى چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم بىر ۋەزىپە قىلىپ تۇتماقتا. ھازىر يېرىمدىن كۆپرەك قازاق چارۋىچىلار مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ بولدى ياكى يېرىم ھالدا ئولتۇراقلاشتى. كۆچۈپ يۈرۈشتىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا ئۆتۈش قازاقلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىكى زور ئۆزگىرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال قازاقلارنىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان قەدىمىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىن خوشلىشىپ، زامانىۋى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى قاتارىغا ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

قازاقلار تارىختا ئاساسەن تەبىئىي ئوتلاققا ۋە سۇنئىي ئۇسۇل بىلەن مال بېقىشقا تايىنىپ كەلگەنىدى، بۇ ئالاھىدىلىك قازاقلارنىڭ تارىختا «يايلاق ئومۇمنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇش، مال - چارۋا خۇسۇسنىڭ بولۇش»تىن ئىبارەت تۈزۈمنى بەلگىلىگەن. ھەر بىر قەبىلە، ھەر بىر ئۇرۇق ۋە ھەربىر ئاۋۇلنىڭ ئۆزىنىڭ يايلاقلىرى بولاتتى. ئەمما مال - چارۋا پۈتۈنلەي خۇسۇسىيلارنىڭ ئىدى، ھەتتا مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغا قەدەر بۇنداق مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى شەكلى ساقلىنىپ كەلگەنىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا دېموكراتىك ئىسلاھات يولغا قويۇلغاندا، قازاقلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۆلمەسلىك، كۈرەش قىلماسلىق، تەركىب ئايرىماسلىقتىن ئىبارەت «3 قىلماسلىق» ۋە مالچىلارغا پايدىلىق بولۇش، چارۋىدارلارغا پايدىلىق بولۇشتىن ئىبارەت « 2 گە پايدىلىق بولۇش» سىياسىتى قوللىنىلدى. ئۇنداق قىلىش قازاقلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى



ھېكمەت: راھەت كۆرۈشنى ئاساس قىلىش تۇرمۇشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمەيدۇ. چۈنكى تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى كەسىپتۇر. — گوركىي

ئىجتىمائىي مۇھىتىغا ۋە شەرت ـ شارائىتىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كەلگەنىدى. لېكىن 1958 ـ يىلدىن كېيىن، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە قارىماي، ئائىلىلەرگە مەنسۇپ بولغان، ئائىلىلەر بېقىۋاتقان مال ـ چارۋىلارنى كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىغا ئايلاندۇرۇۋېتىپ، كۆكشىي دەرىجىلىك ھېسابات يولغا قويۇلدى، ئاشۇنداق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئىسلاھاتى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىگە تولۇق ئۇيغۇن كەلمەي قېلىپ، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك، تەڭ تەقسىماتچىلىق تۈزۈمى چارۋىچىلار كوللېكتىپنى يېيىش، مال- چارۋىلار ئۇتلاقنى يېيىشتىن ئىبارەت «2 داشقازان»نى پەيدا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىغا قاتتىق بەرھەم بېرىلدى.

1978 ـ يىلدىن كېيىن، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى بەلگىلىگەن ئاساسىي لۇشيەن ئىزچىلاشتۇرۇلدى. ئىگىلىك شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردە بىرقاتار تەگشەش ۋە ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلدى. 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، يېزا ئىگىلىكىدىكى چوڭ ھۆددىگە بېرىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، چارۋىچىلىقتا ھۆددىگە بېرىش شەكلى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، چارۋىلارنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1985ـ يىلدىن كېيىن يەنە چارۋىلارنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىن «چارۋىلارنى باھاغا سۇندۇرۇپ ئائىلىلەرگە بېرىش» تىن ئىبارەت ئىگىلىك تۈزۈمىگە ئۆتۈش بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوتلاقمۇ مۇناسىپ ھالدا چارۋىچىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن «چارۋىنىمۇ، ئوتلاقنىمۇ ھۆددىگە بېرىش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇنداق تۈزۈم چارۋىچىلارنى ھەم ئوتلاقنى باشقۇرۇش، ھەم چارۋىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئىگىلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئادەم، ئوتلاق، چارۋا، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەت بىرلىككە كېلىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. دە، چارۋىچىلارنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى زور دەرىجىدە قوزغىتىلدى.

يۇقىرىدىكىلەردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، 100 يىلدىن بۇيان، قازاقلارنىڭ چارۋىچىلىقتىكى مۈلۈكچىلىك شەكلى «چارۋا خۇسۇسىيلارنىڭ بولۇش ـ چارۋا ئومۇمنىڭ بولۇش- چارۋا خۇسۇسىيلارنىڭ بولۇش» جەريانلىرىنى بېسىپ ئۆتتى. ۋەھالەنكى، 80 ـ يىللاردىن كېيىنكى چارۋا خۇسۇسىينىڭ بولۇشى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى چارۋىلار خۇسۇسىيلارنىڭ بولۇش خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، 50 ـ يىللاردىكى چارۋىلار خۇسۇسىيلارنىڭ بولۇشى بىلەن ئوخشىمايدۇ.

(ياسىن ھاۋازى تەرجىمە قىلدى)

## ئىلگىرىكى ھەرقانداق بىر ئەسىر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان 100 يىل: مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىش

زامانىۋىلىشىشنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىدىن ئىبارەت. 100 يىل مابەينىدە قازاقلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ھەرقانداق بىر ئەسىردىكى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ساۋاتى يوقلار % 80 تىن ئارتۇق ئىدى. 1944ـ يىلى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق 3 ۋىلايەتتە قازاقچە 79 باشلانغۇچ مەكتەپ، 6200 نەپەر ئوقۇغۇچى بار ئىدى. 1949 ـ يىلى ئاشۇ 3 ۋىلايەتتە 489 باشلانغۇچ مەكتەپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 52 مىڭ 719 بولغان؛ جەمئىي 13 ئوتتۇرا مەكتەپ (7 يىللىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ناھىيىلەر ئاچقان ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرى 17، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 1610 بولغان.

50 ـ يىللاردىن كېيىن قازاقلارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. 1966ـ يىلى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى بويىچە 69 ئوتتۇرا مەكتەپ، ئوقۇغۇچىسى 23 مىڭ 661 نەپەر، 880 باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوقۇغۇچىسى 169 مىڭ 579 نەپەر بولدى؛ 1982 ـ يىلىغا كەلگەندە ئوبلاست بويىچە



ھېكمەت: تۇرمۇش دېمەك ئۆزىنىڭ قىممىتىنى، ئۆزى قىلالايدىغان ۋە ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى بىلىش دېمەكتۇر. ـــ رومىن روللان

409 ئوتتۇرا مەكتەپ، ئوقۇغۇچىسى 158 مىڭ 233 نەپەر بولدى؛ 1571 باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوقۇغۇچىسى 395 مىڭ 645 نەپەر بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوبلاست بويىچە يەنە بىرمۇنچە ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئالىي مەكتەپلەرمۇ بار. 1990 - يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئېنىقلىنىشىچە، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قازاق ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى جەمئىي 260 مىڭ 691 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇس سانىنىڭ % 23.47 نى تەشكىل قىلىدىكەن، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار 133 مىڭ 755 نەپەر، قىز ئوقۇغۇچىلار 126 مىڭ 936 نەپەر ئىكەن. ئۇنىڭدىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2316، ئالىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 2447، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 6603، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 555، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 44 مىڭ 373، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 188 مىڭ 397 نەپەر بولغان. 1990 - يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە ھەر خىل دەرىجىدە مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلارنىڭ سانى 775 مىڭ 12 بولۇپ، 1 مىليون 110 مىڭ 758 ئومۇمىي نوپۇسنىڭ % 69.77 نى تەشكىل قىلغان. 1990 - يىلى ھەر 1000 كىشى ئىچىدە مەدەنىيەت سەۋىيىسى بار نوپۇس مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 698.1 بولغان، قازاقلارنىڭ 697.1 ئادەم بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن سەل تۆۋەن تۇرغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قازاقلارنىڭ مەدەنىيەت كۆز قارىشىدىمۇ ناھايىتى زور ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى. قازاقلار تارىختا ئاساسلىقى چارۋىچىلىق ئارقىلىق تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەچكە، نىسپىي ھالدا مۇقىملىشىپ قالغان مەدەنىيەت پسىخىكىسى ئەندىزىسى شەكىللەندۈرگەن. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرى بۇنداق پسىخىك ئەندىزىسى مۇنداق جەھەتلەردە ئىپادىلىنەتتى: 1. تاۋار ئېڭى ناچار ئىدى. قازاقلاردا تارىختا ھەقىقىي يوسۇندا تاۋار ئىگىلىكى شەكىللەنمىگەن، ئۇلار سودا بىلەن شۇغۇللىنىشنى نومۇس دەپ بىلەتتى، ھەتتا سودا قىلىشنى پەس ھېسابلايتتى، سودا قىلىپ باشقىلارنىڭ پۇلىنى ئېلىش ئەخلاقسىزلىق، سەت ئىش دەپ قارايتتى، 50 - يىللارنىڭ ئالدىدا قازاقلاردىن سودىگەر تاپقىلى بولمايتتى. ئۆزىنىڭ مال - مۈلكى ئارتۇقچە بولسا، باشقىلارغا بېرىۋەتسە بېرىۋېتەتتىكى، سېتىپ بېرىشنى خالىمايتتى. بۇنداق ئادەت ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.

2. رىقابەت ئېڭى سۇس. 50 - يىللاردىن كېيىنمۇ رىقابەت شارائىتى كەم بولغاچقا، ئۇلاردا بۇنداق ئاڭنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئىمكان بولمىغان.

3. تايىنىۋېلىش ئېڭى كۈچلۈكرەك. ئۇلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا شەكىللەنگەن تايىنىۋېلىش ئېڭى بىرىنچىدىن، تەبىئەتكە تايىنىۋېلىش، ئاسمانغا تايىنىپ جان بېقىش بولسا؛ ئىككىنچىدىن، ھۆكۈمەتكە، دۆلەتكە تايىنىۋېلىشتىن ئىبارەت.

4. زاپاس توپلاش ۋە قايتا ئىشلەپچىقىرىش ئېڭى ئاجىزراق.

90 - يىللار كىرگەندىن باشلاپ، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغاندىن بېرى كۆپلەپ شەخسىي سودىگەرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن، كەڭ چارۋىچىلارنىڭ باققان قوي، كالا، ئاتلىرى ۋە باشقا چارۋىچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ھەقىقىي مەنىدىكى تاۋار مەھسۇلاتى بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. بازار ئىگىلىكى دولقۇنىنىڭ تەسىرى ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تەسىرى بىلەن قازاقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىدىيىۋى كۆز قارىشىدا زور ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تاۋار ئېڭى ۋە رىقابەت ئېڭى شەكىللەندى، تايىنىۋېلىش، بېقىنىۋېلىش ئېڭى بارغانسېرى ئۆزگەردى. رىقابەت ئېڭى كۈچەيمىسە، باشقا مىللەتلەرنىڭ كەينىدە قالدۇرغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. مەدەنىيەت كۆز قارىشىنىڭ زامانىۋىلىشىشى قازاقلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە زامانىۋىلىشىشى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەردى. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، 21 - ئەسىردىكى قازاقلارنىڭ زامانىۋىلىشىش سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلىشكۈسى، ئۇلار پۈتۈنلەي يېڭى قىياپەت بىلەن دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ.

(ياسىن ھاۋازى تەرجىمە قىلدى)

# شەرەپ مۇنبىرىدە

تۆۋەندىكى ئورۇن ۋە شەخسلەر «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش-تارقىتىش خىزمىتىدە ئالاھىدە نەتىجە ياراتقانلىقتىن، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەرـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن جۇڭگو مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتى شىنجاڭ شۆبىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

## دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەنلەر

### ئىلغار كوللېكتىپ:

**قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم**

**خوتەن ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى باشقارمىسى**

### ئىلغار شەخسلەر:

**مەھەممەت ئەخلەت** قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى

**مىجىت باقى** قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەرـدىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى

**مەخمۇت ئەخمەت** يەكەن ناھىيىلىك مىللەتلەرـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى

**شەمسىددىن مۇھەممەت** قەشقەر شەھەرلىك مىللەتلەرـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى

**ئابدۇقادىر ئىسمائىل** خوتەن ۋىلايەتلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى

**ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى** خوتەن ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى

## ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن جۇڭگو مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتى شىنجاڭ شۆبىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەنلەر

### ئىلغار كوللېكتىپ:

**قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى**
**يەكەن ناھىيىلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى**
**قەشقەر شەھەرلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى**
**قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى**
**پەيزاۋات ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى**
**مارالبېشى ناھىيىلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى**
**خوتەن ۋىلايەتلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى**
**گۇما ناھىيىلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى**
**قاراقاش ناھىيىلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى**
**قاراقاش ناھىيىلىك مىللەتلەرـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى**
**لوپ ناھىيىلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى**
**خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن**

### ئىلغار شەخسلەر:

**تۇرسۇن تۇردى** قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك مىللەتلەرـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى

**كامىل ھاشىم** پەيزاۋات ناھىيىلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى

**راخمان بەختى** مارالبېشى ناھىيىلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى

**قادىر داۋۇت** يېڭىسار ناھىيىلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى

**قادىرئېلى** قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى

**ئابدۇجېلىل ئابدۇكېرىم** مەكىت ناھىيىلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى

**غوجىئەللا ئاۋۇت** قاراقاش ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى

**مەمەت توختىنىياز** گۇما ناھىيىلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى

**كامال تۇرۇپ** خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ مۇدىرى

**ئوبۇلقاسىم تۇرۇپ** لوپ ناھىيىلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى

**ئابدۇكېرىم ھېزىمشا** قاراقاش ناھىيىلىك مىللەتلەرـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى

ETHNIC UNITY

ھېكمەت: كىشىلىك تۇرمۇشتىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولسالا، ھايات ئۇزۇن بولىدۇ. ـــ سېنكا

# ئىزدىگىنىم ياخشىلىق

ماخمۇت مۇھەممەت

(«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 10 يىللىق تويىغا بېغىشلاپ)

شۇنداق ياخشى گەپلەرنى قىلىش مۇمكىن دۇنيادا،
شۇنداق ياخشى ئىشلارنى قىلغان يەردە باشقىلار.
قوشنا ـ قولۇم توي قىلسا ئۆز تويۇمدەك كۆلگۈلۈك،
سەن توي قىلساڭ قوشنامىمۇ تەڭ چاچىدۇ چاچقۇلار.

يەردىن كۆتەك كۆتۈرسەڭ بىر ئۇچىدا دوستۇڭ بار،
يالغۇز ئۆزۈڭ زورۇقۇپ ئالالامسەن يەلكەڭگە؟
ياخشىلارغا دۇنيادا يالغۇز دىگەن ئاتاق يوق،
كىم بىلىدۇ تۆھپەڭنى، گۈل ناقمساق مەيدەڭگە؟

ئەلدىن ئۇلۇغ يۆلەك يوق، كۈچ سىناشالڭ مەيداندا،
ئالقىش بىلەن چاۋاكىنىڭ بوش چاغلىما كۈچىنى.
چۈشەلمسەڭ مەيدانغا، ھېچ بولمىسا چاۋاك چال،
دوست ئەمەس ئۇ، سەن كۈلسەڭ تىڭشاپ تۇرسا ئىچىنى.

پەزىلەتنىڭ ئۇلۇغى ـــ ئۆزگىلەرگە نەپ بەرمەك!
پازىللارغا شۇڭلاشقا جىمى ئالەم تەڭ كۈلدى.
ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرمايدۇ سېخىيلارنىڭ دۇنياسى،
ساخاۋىتىنى ئۇ زاتلار ئالتۇندىنمۇ چوڭ بىلدى.

ياخشىلارنىڭ يولىغا گۈل تېرىغۇم كېلىدۇ،
مەندە ئالتۇن بولمىسا، ئالتۇن كۆڭۈل بارغۇ دەپ؛
ياخشىلارنى دوست تۇتسام يۇقۇپ قالار ماڭىمۇ،
ياخشى ئىشنىڭ يۆلىكى، تېپىپ قىلغان ياخشى گەپ.

ياخشى ئادەم ئۆزىنى ئىشى بىلەن ماختايدۇ،
كۆرمىدىڭمۇ ئەل سۆيگەن تالاي ئېسىل ئادەمنى.
شۇلار بىلەن ماختانساق بۇمۇ ھۇزۇر كۆڭۈلگە،
بىزگە بەخت ئەمەسمۇ تەڭ كۈللىسەك ئالەمنى.

× × ×

شۇنداق شېرىن سۆزلەرنى قىلىش مۇمكىن دۇنيادا،
شۇنداق ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلغان يەردە باشقىلار.
ئەجدادىمىز ئۆتكەنكەن، ئەۋلادىمىز ئۆتكەنسۇن،
دوستلىرىمىز توي قىلسا چاچايلى بىز چاچقۇلار!!!

(ئاپتور: ئىلى ۋىلايەتلىك كۈتۈپخانادا ئىشلەيدۇ)

# بىز ساڭا خۇشترى، ئامراق مۇشتەرى!

ئابدۇلەھەت سدىق

(«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

ئۈزۈلمەس بىر ئېقىن ۋە ياكى بىر كۆي ـ
شەنىڭگە ياڭرىغان ئالقىش تەشەككۇر.
مۇبارەك ئېھتىرام ئوتلۇق تىلەكلەر
دىلىمدا قوزغىدى ئىلھام تەپەككۇر.

سەن بىزنىڭ جىلۋىدار گۈلشەن بېغىمىز،
سەن بىزگە ئەڭ يېقىن دىلدار، دىلرابا.
دەۋرىمىز باھارى بەرگەچ رەڭ جۇلا،
چېھرىڭدە پارلايدۇ يارقىن نۇر زىبا.

ئەقىل، ئاڭ، ئىدراكتىن يەتكۈزۈپ ئۇچۇر،
نۇرچاچتى ئون يىلدا سەترەڭ، سەھىپەڭ.
بىز ئۇچۇن ئەتىۋار گۆھەردىن، دىمەك
شۆھرىتىڭ، شەۋكىتىڭ، شەرىپىڭ، تۆھپەڭ.

سەن ئېزىز مۆھتىرەم ـــ ھۆرمەت ساھىبى،
سانلىرىڭ تىكلىدى ئالتۇن ئابىدە.
ئىپتىخار ئىلكىدە سۆيۈندى دىللار،
سېنىڭدەك چوڭ مۇنبەر بولغاچقا بىزدە.

يالتىراپ تۇرىدۇ ھەر بىر بېتىڭدە
دىيارىم، خەلقىمنىڭ شۆھرىتى، شانى.
بىر كۆرۈپ چىقسا كىم زوق بىلەن سېنى،
ئېچىلار پورەكلەپ گۈلى ـ رەيھانى.

يولۇڭغا ئىنتىزار بولۇپ ھەردەقىق،
يۈرەكتىن سېغىنىپ دەيمىز: «مەرھابا!»
بىز ساڭا خۇشترى، ئامراق مۇشتەرى،
بۇ سۆيگۈ مۇقەددەس يوقتۇر ئىنتاھا!



(ئاپتور: يەكەن ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا ئىشلەيدۇ)

ETHNIC UNITY

# «ئاي تولدى» بىلەن «كۈن تۇغدى» دوستلۇقىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ چىن دوستلۇق ھەققىدىكى قاراشلىرىغا نەزەر

## ـــ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 980 يىللىقى ۋە «قۇتادغۇبىلىك»يېزىلغانلىقىنىڭ 928 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

مەھمۇد زەيدى

ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان خەلق ئاممىسى ئۆزئارا دوستلۇق، يولداشلىق مۇناسىۋەتلىرىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. چۆچەك ۋە خەلق داستانلىرىدا، شۇنىڭدەك بەزى كلاسسىك ئەسەرلەردە يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك، ئەزگۈلۈك ۋە بىر-بىرىگە ھەمكارلىق، دوست- بۇرادەرلىك تەرىپلەنگەن.

ئۇزاق تارىختىن بېرى مەملىكىتىمىز خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا دوست- بۇرادەرلىك ئەنئەنىلىرى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلدى. بۇ خىل ئەنئەنىنى قەدىرلەپ نۇرغۇن مەدھىيىلەر، خاتىرىلەر يېزىلغاندى. كۆگزى: «دوستۇڭ بولسا ياخشى بولسا، توغرا نىيەتلىك بولسا، كۆپ بولسا ئۇ پايدىلىق؛ ئەگەر، دوستۇڭ يامان نىيەتلىك بولسا، لايغەزەل، ئىچى تار بولسا، ئۇنىڭدىن ھېچقاچان ۋاپا كەلمەيدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ھەرقانداق بىر كىشى ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئۆزىنى ھىمايە قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھېچكىم ئۆزىگە باشقىلاردىن يامانلىق كېلىشىنى خالىمايدۇ. ئارامخۇدا تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بىر بەخت. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ياخشى كۆرگەن دوستلىرىڭ كۆپ بولسۇن، رەقىبلىرىڭ پەرىشان بولسۇن، ئەل- يۇرتۇڭ بارغانسېرى كېڭەيسۇن» (6419- بېيت) دېگەن. ئادەمنىڭ دوستى بولۇشى كېرەك. «ئادەم دوستى بىلەن، دەرەخلەر پوستى بىلەن ياشايدۇ» دېيىلىدۇ خەلق ماقالىدا. جەمئىيەتتە كىشلەر يەككە-يېگانە ياشىيالمايدۇ، ئادەم ئۆزى ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ماھىيىتى تۇرلۇك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەنە شۇ تۇرلۇك يۇرۇش-تۇرۇش، مۇناسىۋەتلەردىكى ئومۇمىي قائىدە-يوسۇنلار مىزانى ـــ ئەخلاق دەپ ئاتىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ فېئوداللىق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر دائىرىسىدە ياشاپ تۇرۇپ، ئۆز زامانىغا نىسبەتەن ئىلغار ئەخلاقىي پەزىلەت ئۆلچەملىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كىشلەرنى باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا،



ETHNIC UNITY

ئادىل بولۇشقا، خىيانەت قىلماسلىققا، يالغانچىلىق قىلماسلىق ۋە پىتنە ـ پاسات تېرىماسلىققا، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىپ، ياخشى نام قالدۇرۇشقا ئۈندىگەن. مۇشۇنداق بولۇشنى ياخشى ئادەم بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ قارىغان. ئۇ:

227. ئەگەر ياخشى بولماق تىلىسەڭ ئۆزۈڭ،
يورى ياخشىلىق قىل، قوي، ئۆزگە سۆزۈڭ، دەيدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ (تۆۋەندە «داستان» دەپلا ئېلىنىدۇ) ھەممە باب ۋە قاتلاملىرىدا، باشتىن ـ ئاخىر مۇشۇ روھ ئۇلۇغۋار بىر غايە سۈپىتىدە گەۋدىلەندۇرۇلگەن. داستان ــ مەزمۇنىدىن شەكلىگىچە گۈزەل تىل بىلەن يېزىلغان، گۈزەللىك نۇرى يېغىپ تۇرىدىغان سەلتەنەتلىك بىر قامۇس.

«قۇتادغۇبىلىك» ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ گۈزەللىك توغرىسىدىكى ئېستېتىكىلىرىنىڭ يەكۈنى ئىدى. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ نەزەرىدە: كىشىنىڭ ھەرىكىتى گۈزەل ۋە رەزىل، ياخشى ۋە يامان دەپ ئايرىلىدۇ. گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئايرىيدىغان بۇنداق ئۆلچەم ئۇزاق تارىخىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن، شۇڭا ئۇ ئوبيېكتىپلىققا ئىگە. دىدرونىڭ: «ياخشى ھەرىكەتنى ئېخىمۇ قەدىرلىك، يامان ھەرىكەتنى ئېخىمۇ يىرگىنچلىك، غەلىتە ئىشلارنى ئېخىمۇ كۆزگە چېلىقارلىق قىلىپ كۆرسىتىش بارلىق يازغۇچى، رەسسام، ھەيكەلتىراشلارنىڭ مەقسىتىدۇر» دېگەن مەشھۇر سۆزى بىزگە دەل يۇسۇپ خاس ھاجىپنى، ئۇنىڭ يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتىنى ئەسلىتىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ تۇرمۇشنى گۈزەل ئەخلاق پرىنسىپلىرى بويىچە قۇرۇشقا رىغبەتلەندۇرىدۇ. يۈكسەك سەۋىيىدىكى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، گۈزەل، ياخشى نەرسىلەرنى ئېخىمۇ يارقىن؛ يامان، رەزىل نەرسىلەرنى ئېخىمۇ ئېچىنارلىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ:

2077. سۆرۈن يۈز، يىرىك سۆز، تەكەببۇر كىشى،
كىشىنى يىرگەندۈرەر، يۇرۇشمەس ئىشى.

2038. سۆزى چىن بولسا بەگنىڭ، خۇلقى گۈزەل،
ئىشەنگەي، ياخشى كۈن كۆرۈپ ئاتا ئەل.

2445. ئۇياتلىق كىشى ئۇ يامان ئىش قىلماس،
قوشۇلماس يارامسىزغا، كىشى تىللىماس.

2452. قۇرۇق بىر بوياقلىق ھەيكەل ــ ئىلمسىز،
بىلىملىك كىشى ئورنى كۆكتە ــ ئېگىز.

سېلىشتۇرۇش، ئوبرازلاشتۇرۇش، سىمۋول قىلىپ شەرھلەش ئارقىلىق كىشىنىڭ تەپەككۇرىنى جانلاندۇرىدىغان بۇ خىل ئۇسلۇب داستانىنىڭ ھەرقايسى بابلىرىدا ناھايىتى گەۋدىلىكتۇر. يۇسۇپ خاس ھاجىپ مۇشۇنداق سېلىشتۇرۇش ئارقىلىقلا شەيئىلەر زىددىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ بەرگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئىلغار پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى ئەسەرنىڭ باش قىسمىدىن تارتىپ تاكى ئاخىرىغىچە سىڭدۈرگەن.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتنى سۆيۈش، كىشىلىك تۇرمۇشنى قەدىرلەش، ھەرقايسى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە رولى ھەققىدىكى ئىلغار قاراشلىرى ھازىرمۇ بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە. داستانىنىڭ 48 ـ بابىدىكى ساراي ئەھلى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش توغرىسىدا ئېيتقانلىرىدىن باشلاپ، ئاۋام خەلق بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش، ئالىملار بىلەن، تېۋىپ، مۇنەججىم، دېھقان، سودىگەر، چارۋىچى، قول ھۈنەرۋەنلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ يولداشلىق، دوستلۇق ۋە دوستنى تۇتۇش توغرىسىدىكى بايانلىرى ئادەمنى ئېخىمۇ جەلپ قىلىدۇ. مەلۇم مەنىدە كىشىلەر ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ياخشى يولداش ۋە ياخشى دوستلارنىڭ بولۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئەسلىدىمۇ، داستاندىكى «ئاي تولدى» بىلەن «كۈن تۇغدى»نىڭ مۇناسىۋىتى يولداشلىق، دوستلۇق مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئوبرازلارنى دوستلۇقنىڭ ئېسىل نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ. مۇبادا جەمئىيەتتە كىشىلەر ئارا دوستلۇق ـ مۇھەببەت، ئىناق ـ ئىتتىپاقلىق بولمىغان بولسا، ياخشىلىق، گۈزەللىك دېگەن

ETHNIC UNITY

ھېكمەت: جاسارەت تۈگىگەن كۈنى قېرىلىق باشلىنىدۇ. ئا. مودوئا (مەتتوختى سەيپەت . ت)

نەرسىلەرمۇ بولمىغان بولاتتى. جەمئىيەتمۇ روناق تاپالماس ئىدى. ھېچقانداق ئىش يوروققا چىقالمىغان بولار ئىدى. شۇ تۈپەيلى يۈسۈپ خاس ھاجىپ:

497. كىشىگە كېرەكتۇر ھەر يەردە تونۇش،
تونۇشلار بىلەن ھەل تۈرلۈك - تۈمەن ئىش.
502. ئاداش تۇتتى ئاي تولدى ياخشى كىشى،
كۆسەمىش ئىدى ئاتى، ياخشى ئىشى.
500. تۇتۇپ دوست- يولداش، بولۇشتى يېقىن،
ئۇچۇق تۇتتى چوڭ ھەم كىچىككە يۈزىن.

دەپ بايان قىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۆزقارىشىدا يولداشلىق، دوستلۇقنىڭ ئاساسى — ئورتاق غايە. ئەگەر بىر خىل ئورتاق كۆزقاراش ۋە مەقسەت بولمىغاندا، يولداشلىق ۋە دوستلۇق داۋام قىلالمايدۇ، «ئاي تولدى»نىڭ يىراق بىر ئەلدىن «كۈن تۇغدى»نى ئىزدەپ كېلىپ مۇساپىرخانىدا يېتىشى، كېيىن ھاجىپ ۋە كۆسەمىشلەر بىلەن تونۇشۇپ، دوستلىشىپ كېتىشى قاتارلىقلارنى ئورتاق بىر خىل غايىنى چىقىش قىلغانلىقتىن بولغان دېيىش كېرەك. داستاندا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار مۇناسىۋىتىدىكى سەممىي ئىنسانپەرۋەرلىك، كىشىلەرگە مۇلايىملىق بىلەن سىلىق مۇئامىلە قىلىش، سۆزدە سەممىي، قىزغىن بولۇش، كىشىگە ياخشىلىق قىلىش، قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن بەدەل تەمە قىلماسلىقتەك ياخشى پەزىلەتلەر كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ.

2

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا مۇنداق 3 خىل كىشىنى كۆرسەتكەن: ئۆزۈڭدىن چوڭلار، تەڭتۇشلەر ۋە ئۆزۈڭدىن كىچىكلەر. بۇ خىل كىشىلەرگە لايىق مۇناسىۋەتتە بولماق لازىملىقىنى كۆرسەتكەن ۋە مۇنداق دېگەن:

4196. جىمى جانىنى كۆردۈم ئۆيۈرلە يۈرەر،
كىشى، يىلقى، قۇش-قۇرت ئۆيۈرىن بىلەر.

بۇنىڭدىن بىلىمىزكى، كىشىلەر تېپى بىلەن، قۇشلار خىلى بىلەن يۈرىدۇ. قۇشلار چېغىدا ئۆز ھەمراھىنى، ئۆز تۈپىنى تاپىدۇ، ئادەم ئۆزىنىڭ ئارىلىشىدىغان ئادىمىنى تاللاش كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دوستلۇقنىڭ پرىنسىپلىرى ئۈستىدىمۇ توختىلىپ ئۆتكەن:

4201. ئېرۇر ئىككى تۈرلۈك يېقىنلىق ئىشى،
شۇ ئىككى ئىش ئۈچۈن تۇتار دوست كىشى.
4202. بىرى، يولداش تۇتار تەڭرىلىك ئۈچۈن،
بۇنىڭدا ئورۇن يوق ئەگرىلىك ئۈچۈن.
4203. تۇتار دوستنى نەپئى ئۈچۈن ئۇ بىرى،
بۇ دوستلۇق نېگىزسىز، ئېرۇر مەجبۇرىي.

دەيدۇ. دېمەك، دوست بولغان كىشى تەڭرىلىك، يەنى ئىككى دۇنيالىق بولسا، بۇ خىل دوستلار بىر-بىرىگە سادىق بولىدۇ. تاكى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغىچە كۆڭلىدە ئەگرىلىك بولمايدۇ. ئۆز پايدىسىنى كۆزلەپ تۇتۇلغان دوست ئۇزۇنغا داۋاملىشالمايدۇ. بۇنداق دوستلۇقنىڭ ئاساسى پۇختا بولمايدۇ. ئاخىردا دوستلۇق ۋەيران بولىدۇ، دەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ توغرىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، دوست تۇتۇپ ئۇنىڭ پايدا- زىيانلىرىنى تېتىپ كۆرگەن تەجرىبىلىك كىشى تىلىدىن مۇنداق دەيدۇ: «دوستۇڭنى پايدا - زىيان ئۈستىدە سىنا، سىنىقىڭدىن ئۆتكەندىلا ئۇنىڭغا يېپىشقىن؛ غەيۋەتخور كىشى بىلەن دوست بولما، ئۇنىڭ تىلىدا ئوت كۆيىدۇ؛ تەمەخور كىشىگە يېقىن يولىما، بۇنداق كىشىلەر بېشىڭغا بالا بولىدۇ؛ ھاراقكەشنى دوست تۇتما، ئۇ كۆڭلۈڭنى ئاغرىتىدۇ، ياقاڭدىن ئالىدۇ. يامانىنى دوست تۇتما، مۇنداقلاردىن يىراق يۈر. يامانلار سېنى يولدىن ئازدۇرىدۇ. (4208-، 4212-، 4214-، 4273- ۋە 4194- نومۇردىكى تېكىستلەرگە قاراڭ)

4241. قوشۇلما يامانغا، ئى ياخشى كىشى،
بولۇر خۇلقىڭ يامان ئۇنىڭ ئوخشىشى.

دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتور تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ، مۇكەممەل كىشىنىڭ دوست تۇتۇشى ھەققىدە توختىلىدۇ:

4233. ئاداش تۇت كىشىنىڭ تاللاپ ياخشىسىن،
يامان بولسا دوستۇڭ، پۇشايمان كېيىن.

«دوست ـ بۇرادەرلىرىڭنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈر، كۆڭلىنى ئايا، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قانچىلىك قوغدىساڭ، دوستۇڭنىمۇ شۇنداق قوغدا؛ دوست تۇتماق ئاسان، قوغدىماق قىيىن» دەيدۇ. (4268-، 4269-، 4264-) شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە «يىرىكلىشىش ئاسان، ياراشماق قىيىن» دەيدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ: باشقىلارغا مەرد، سېخىيرەك بول، دوستۇڭنىڭ ھاجىتىدىن چىققىن، سورىغۇچى بولماي، سورالغۇچى بول... دەيدۇ. ئۇ، ئۆزىدىن ئۇلۇغلارغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە جاۋاب بەرگەندە ئەدەب- قائىدىلىك بولۇشنى ئېيتىدۇ:

4304. ئۇلۇغنى قەدىرلە، ئۇنى ھۆرمەت ئەت،
ساڭا ھەم ئۇلۇغلۇق كېلىپ يۇققاي بەخت.

مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ داستانىدا، كىشىلىك تۇرمۇشتا چوڭ- كىچىك ۋە تەكتۇشلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈش ۋە بۇ جەرياندا ئادەمگەرچىلىكنى تاشلاپ قويماسلىقنى تەكىتلىگەن. مۇنداق ئادەمگەرچىلىك: يولداشلىق، دوستلۇق مېھرىبانلىق چۈشەنچىلىرى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىلا بولۇپ كەلگەن ياخشىلىق — گۈزەل سەزگۈنىڭ ئىپادىلىرى ئىدى. ھازىرمۇ شۇنداق: كىشىلەر ئەڭ ئېسىل مەقسەت، غايە، تىلەكلىرىنى ئۆز يېقىنلىرى- دوستلىرى بىلەن ئورتاقلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆز تۇرمۇشلىرىدا ھاياتلىقنىڭ لەززىتىنى سۈرىدۇ. قەيەردە ئىنسانلار جامائەتچىلىكى بولىدىكەن، شۇ يەردە ئۆزئارا مۇناسىۋەت، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق مەۋجۇت بولىدۇ. كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش، تۈرلۈك كوللېكتىپ ئەمگەك ۋە خىزمەتلەر جەريانىدا بىر-بىرى بىلەن پىكىرلىشىدۇ، ھەمكارلىشىدۇ، سىردىشىدۇ. ئورتاق نىشان يولىدىكى نەتىجىلىرىدىن خۇشال بولىدۇ. بۇ جەرياندا بەزىلىرى قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ئۇنىڭغا دوستلىرى يېقىندىن ياردەم قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھېس- تۇيغۇدا ئەڭ يېقىن بولۇپ كەتكەنلەر بولىدۇ. مانا بۇ خىلدىكى مۇناسىۋەت يولداشلىقنىڭ دوستلۇققا تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، كىشىلەر ئىچىدە ئۆزىمىزگە ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان يولداشلار ئىچىدىن ئۆزىمىزگە قەدىرلىك دوست تېپىۋالىمىز. ئۇچرىغانلا كىشىنى، يولداشنى دوستۇم دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىر-بىرىنى تولۇق چۈشەنگەن، بىر-بىرىگە ھەقىقىي ئىشەنگەن، ئىشەنچى بولغان، ھەرقانداق قىيىن ئەھۋاللاردا ئۆزئارا ياردەم بېرەلەيدىغان ۋە بىر-بىرىنى ھەقىقىي قەدىرلەيدىغان، شۇنداقلا ئىچكى سىرلىرىنى يوشۇرماستىن، سەمىمىي ئېيتىشىدىغانلارلا دوستلۇق بۇرچىنى بىلگەنلەر ھېسابلىنىدۇ. مۇنداق دوستلۇقتىن سۆيگۈ - مۇھەببەت تۇغۇلىدۇ. سۆيگۈ - مۇھەببەت يىگىت- قىزلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار بولۇپ قالماي، ئۇ، بەلكى بىر پۈتۈن ئەل- يۇرتقا، ۋەتەن- خەلققە، ھۈنەر- سەنئەت، كەسىپكە بېغىشلانغان سۆيگۈ- مۇھەببەتمۇ بولىدۇ. مۇھەببەتنىڭ تولۇق مەنىسى مۇشۇنىڭدا.

تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا يولداشلىقتىن، كەسىپداشلىقتىن، سىردىشىشتىن يېقىن دوستلۇق ئورناتقانلىقى، ئاخىرىدا ئۇنىڭ چىن مۇھەببەتكە ئايلانغانلىقى ھەققىدىكى پاكىتلار بىزنى قايىل قىلىدۇ. زامانىمىزدىمۇ ئورتاق بىر يولدىكى يولداشلار ئىچىدە بىرلىكتە ئىشلەش ۋە ھەمكارلىشىش، سىردىشىش جەريانىدا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ كەتكەنلەر تولا. دوستلۇق — تۈگىمەس ۋە خورىماس خەزىنە. دوستلۇق ئەسىرلەرگە سوزۇلغان يولدۇر. ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىمىز بۇ ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇپ، دوستلىرىنى كۆپەيتكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دوستلۇق توغرىسىدىكى پرىنسىپلىرى بىزنى ئىلھاملاندۇرىدۇ.



(ئاپتور: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە)



ھېكمەت: ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيتى ئارىمىزدىكى ھەر بىر كىشى ئۈچۈن كىشىلىك تۇرمۇشتا بولغان مۇھەببەتنى ئۇلغايتىشتىنلا ئىبارەت. — تولستوي

# ۋاقىتنى قەدىرلەيلى!

ئابدۇرېھىم ياقۇپ

بىزنىڭ باتۇر، ئىشچان ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىدا ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش ۋە كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ۋاقىتنى قەدىرلەش، ۋاقىتقا رىئايە قىلىشنىڭ بەخت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، ۋاقىتنى قەدىرلىمەسلىك ۋە ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىقنىڭ بەختسىزلىك گىردابىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى سەزگۈرلۈك بىلەن ھېس قىلىپ، ئۇنى «ۋاقىتىڭ كەتتى ـ بەختىڭ كەتتى» دېگەنگە يەكۈنلىگەن. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغان ھازىرقى كۈندىمۇ ئۆز ئىشلىرىدا تۆھپە يارىتىپ ۋەتىنىمىزنىڭ، جەمئىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان نۇرغۇن تەتقىقاتچى ئالىم، يازغۇچى، پروفېسسورلار، كارخانىچىلار، مىليونېرلار ھەر مىنۇت-سېكۇنتنىمۇ قەدىرلەپ ئۆگىنىپ، ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، پۈتۈن ئەلگە، پۈتۈن دۇنياغا پۇر كەتكۈدەك تۆھپىلەرنى يارىتىپ ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلماقتا.

قايسىبىر چەت ئەللىك مۇتەپەككۇر «ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىق ئەخلاقسىزلىقتۇر» دەپ ياخشى ئېيتقانىكەن.

لېكىن، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ۋاقىتنى قەدىرلىمەيدىغان، ۋاقىتقا رىئايە قىلمايدىغان كىشىلەرمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. تۇرمۇشتا، خىزمەتتە ۋاقىتقا رىئايە قىلمايدىغان، ۋاقىتنى قەدىرلىمەيدىغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە پېشكەللىك، تۇرمۇشىغا ئوڭۇشسىزلىق كەلتۈرۈپلا قالماستىن، باشقىلارنىمۇ ئاۋارە قىلىپ، باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى بىھۇدە ئېلىۋالىدۇ. ئاشۇ چەت ئەللىك مۇتەپەككۇرنىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ كىشىلەرمۇ ئەخلاقسىز كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ-دە! چۈنكى، ۋاقىتنى قەدىرلىمەسلىك، ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىق تۈپەيلىدىن، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان پەيدا قىلىدۇ، يەنە بەزىدە يېقىن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئارازلىق، كۆڭۈلسىزلىكلەر پەيدا بولىدۇ.

يېقىندا مەن شەھىرىمىزنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرىگە جايلاشقان مەلۇم بىر ھەشەمەتلىك رېستورانغا بىر ئاغىنەمنىڭ ئوغلىنىڭ سۈننەت تويى مەرىكىسىگە قاتنىشىشقا بارغانىدىم. ئەسلى مېھمانلار ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 4 كە چاقىرىلغانىكەن. ئەمما سائەت ئىستىرېلكىسى 6 نى كۆرسەتكەندە ئاران مېھمانلارنىڭ يېرىمى كەلگەن بولۇپ، قالغان يېرىمى سائەت 7 گە يېقىن بىردىن-ئىككىدىن پەيدا بولۇشتى، سائەت 7 دىن چارەك ئۆتكەندە مېھمانلارغا تاماق تارتىلىشقا باشلىدى. دېمەك، دەل ۋاقتىدا كەلگەنلەر 3 سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت قۇرۇق پاراڭ سېلىشىپ، ئىللىق چاينى غورتىلدىتىپ ئىچىشىپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئولتۇرۇشتى. ئەگەر چاقىرىلغان مېھمانلار ۋاقتىدا كەلگەن بولسا، مەرىكىمۇ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا باشلىنىپ ئۆز ۋاقتىدا ئاخىرلىشىپ مېھمانلارمۇ ۋاقتىدا ئارام ئالغان بولسا، مەرىكە ئۆتكۈزگۈچىلەرمۇ سورۇننى ۋاقتىدا يىغىشتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىپ ھاردۇق ئالغان بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە؟! ئەپسۇسكى، بىزدىكى






ھېكمەت: بەدەل تۆلىمەي تۇرۇپ بىرەر نەرسىگە ئېرىشىشنى خىيال قىلما! — گوركىي

خېلى بىر قىسىم كىشىلەر ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىقتەك مۇشۇنداق ناچار ئىللەتنى يوقىتىۋەتمىگەنلىكى، ئەمما ئۇنى ئۈتكۈزگۈچىلەرمۇ ۋاقىتنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەي ئىلاجسىزلىقتىن ئەسلىدە چاقىرماقچى بولغان ۋاقىتنى ئالدىغا سۈرۈپ، چاقىرىدىغان بولدى. ئەگەر ھەممە كىشى ۋاقىتقا رىئايە قىلغان بولسا، بۇنچىلىك قىلىپ كېتىشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. بۇ بىر ئاددىي مىسال بولسىمۇ بۇنىڭدىن بىر ئادەمنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش پەزىلىتىنى، باشقىلارغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ۋە شۇ كىشى ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ، ئىززەت- ئابرۇيىنىڭ ۋاقىتقا رىئايە قىلىش، ۋاقىتنى قەدىرلەش بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چەت ئەللىكلەر ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىقنى بىر خىل مەدەنىيەتسىزلىك، ئەخلاقسىزلىق دەپ قارىغانلىقتىن، يوقىتىشكەن ۋاقىتنى خاتىرە دەپتەرگە يېزىۋالىدىكەن، ناۋادا جىددىي ئىشى چىقىپ قېلىپ يوقىتىشكەن ۋاقىتتا قارشى تەرەپ بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇمكىن بولماي قالسا، ئالدىنئالا قارشى تەرەپنى ۋاقىپلاندۇرۇپ ئەپۇ سورايدىكەن. نەتىجىدە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ئۇقۇشماسلىق، كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ئالدى ئېلىنىدىكەن.

ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىق — ھەقىقەتەنمۇ جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەردە ساقلىنىۋاتقان ناچار ئىللەتلەرنىڭ بىرى. ئەگەر بىز دۇنيادىكى مەدەنىيىتى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىمىز دېيدىكەنمىز، مىللىتىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋاقىتنى قەدىرلەشنى، ۋاقىتقا رىئايە قىلىشنى ئوبدان ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك ھەمدە بىر-بىرىمىزنىڭ ۋاقىتىنى زايە قىلماي، ۋاقىتنى كۆپرەك بىلىم ئىگىلەپ، ماھارەت ئۆگىنىپ، يېڭىلىق يارىتىش يولىدا سەرپ قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسىمىزنى قوشۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك!

ئەخلاقسىز ئادەم بولماي، ئەخلاقلىق ئادەم بولايلى، ۋاقىتنى قەدىرلەيلى، ۋاقىتقا رىئايە قىلايلى!

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدا)

## چەت ئەللىكلەرنىڭ پۇل تېجەش ئۇسۇلى

پۇلنى تېجەش ئۈچۈن تۇرمۇش راسخوتى تۆۋەنرەك رايونغا كۆچۈش. شەھەر مەركىزىدىن شەھەر سىرتىغا كۆچۈشكە بولىدۇ، چۈنكى پۇلنى تېجەش جەھەتتە بۇنىڭ مەلۇم رولى بولىدۇ.

**توك خىراجىتىنى تۆۋەنلىتىش.** ئۆيدىكى نوغۇچ چىراغقا ئوخشاش توك سەرپىياتى يۇقىرىراق چىراغلارنىڭ ئورنىغا توك تېجەش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە چىراغلار ئالماشتۇرۇلسا، ئازراق بولسىمۇ توكنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

**ھاۋا ئوچۇق چاغدا كۆڭلەك ئېلىش.** توڭلاتقۇ، شامالدۇرغۇچ، سۇ ئۇزۇش كېيىملىرى، كۆڭلەككە ئوخشاش نۇرغۇن تاۋارلارنىڭ پەسىل خاراكتېرى بولىدۇ. پەسىل خاراكتېرلىك تاۋارلارنىڭ بازىرى ئىتتىك چاغلاردا باھاسىمۇ يۇقىرى بولىدۇ، شۇڭا ئۇنداق لازىمەتلىكلەرنى ئىتتىك بازار ئۆتۈپ كەتكەندە سېتىۋالسا مۇۋاپىق بولىدۇ. يەنە كېلىپ باھا تالىشىش ئىمكانىيىتى بولىدۇ، شۇنداقلا كارخانىلار سودىسىنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن خاتىرە بۇيۇملارنىمۇ قوشۇپ بېرىدۇ.

**تېلېفون پۇلىنى ئازايتىش.** ئۆيدە تېلېفون بارلار ۋاقىت خاتىرىلىگۈچنى ئۇلاپ ئىشلەتسە بولىدۇ. ئادەتتە، 3 مىنۇت سۆزلەشكەندىن كېيىن ۋاقىت خاتىرىلىگۈچ سايراپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. مۇشۇ بويىچە ئىش كۆرۈلسە، تېلېفون ھەققىنىڭ يېرىمى تېجىلىدۇ.

**ھويلا - ئارامدا كۆكتات تېرىش.** بازاردىن كۆكتات ئۇرۇقى تاپقىلى بولىدۇ، ھويلا - ئارامدىكى بوش جايلارغا كۆكتات تېرىش ئىمكانىيىتى بولسا، خېلى كۆپ پۇل تېجەپ قالغىلى بولىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، تۇرمۇش مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتقىلى بولىدۇ. بۇ سالامەتلىككىمۇ پايدىلىق.

ETHNIC UNITY

ھېكمەت: تۇرمۇش سەھىپىدە قەدەم تاشلاش گويا پاتقاقلىقتا يول يۈرگەنگە ئوخشايدۇ. — گيوگو



# ياپونلاردا باللار تەربىيىسى

توكيودىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك «سەھرا پۇرىقى» بىلەن نام چىقارغان كىچىك بىر بازار بار. بازاردا بىر باللار شادلىق باغچىسى بار بولۇپ، ئۇ يەردىكى ئارقانلاردىن تەركىب تاپقان بىر «ئارغامچا شوتا» كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ. باللار ئاشۇ «ئارغامچا شوتا»غا يامىشىپ ئۇنىڭ ئەڭ ئۈستىگە چىقمىغۇچە بولدى قىلىشمايدۇ.

بۇنى كۆرگەن يات دۆلەت كىشىلىرىنىڭ: «ئەجەبا ئۇلار باللارنىڭ كۈتۈلمىگەندە بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قېلىشىدىن ۋايىم يېمەمدىغاندۇ؟» دەپ سورىشى تەبىئىي.

بىراق، بىر ياندا تۇرۇپ باللارنىڭ ئويۇنىنى تاماشا قىلىۋاتقان ئائىلە باشلىقلىرى ھامان ئۇلارغا: «ئەندىشە قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ‹ئارغامچا شوتا›نىڭ ئىچىدىكى ھەممە يوللارغا ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا قارىتىپ ‹ئارغامچا تورى› تارتىلغان. باللارنىڭ قولى ئارغامچىدىن ئاجراپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇلار يەنە ئەتراپتىكى باشقا ئارغامچىلارنى تۇتۇۋالالايدۇ» دېيىشىدۇ.

ھەم بىخەتەر، ھەم باللارنى باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىشكە، ئاكتىپلىق بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلەش روھىغا ئىگە قىلىپ تەربىيىلەيدىغان بۇ خىل «ئارغامچا شوتا» ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق كاللا ئىشلىتىپ لايىھىلەنگەن.

ئومۇمەن ئالغاندا، ياپونىيەدە باللارنى تەربىيىلەشكە پۈتكۈل جەمئىيەت خۇددى ئاشۇ «ئارغامچا شوتا»غا ئوخشاش بىر تەرەپتىن باللارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداشقا كۆڭۈل بۆلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر خىل مۇھىتقا ماسلىشالايدىغان، يېڭىلىق يارىتىش ئىمكانىغا ئىگە تۈركۈم- تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

## باللارغا كۆككە پەرۋاز قىلىپ ئۇچىدىغان ئەركىنلىك ئاتا قىلىش

ماددىي تۇرمۇش كۈندىن - كۈنگە باياشاتلىقتا ئۆتۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە باللار يەنە نېمىگە موھتاج؟ بۇ — ياپونىيە جەمئىيىتى ۋە ئائىلە باشلىقلىرى ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلە. باللار مۇتەخەسسىسلىرى: «جەمئىيەت باللارغا شادلىق زېمىنى ھازىرلاپ بېرىپلا قالماي، ئۇلارغا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ ئۇچالايدىغان كۆك ئاسماننىمۇ ئاتا قىلىشى كېرەك» دەپ قارايدۇ.

بۈگۈنكى باللار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەتراپىتىكى ھەممە نەرسە شۇنچە قولايلىق. خۇددى 4 كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى ھەممىلا جايدا كۆزگە چېلىقىدىغان ئاپتوماتىك مال سېتىش ماشىنىسىغا

ھېكمەت: تۇرمۇش راھەت كۆرۈپ، ھۇزۇر سۈرۈش ئەمەس، بەلكى ناھايىتى مۈشكۈل ئىشتۇر. — لېف. تولستوي

ئوخشاش. سىز ئۇنىڭ ئىچىگە تەگكىنى سېلىپ كۇنۇپكىسىنى باسسىڭىزلا مەيلى «كوكوكولا» ئىچىمەكچى بولۇڭ ياكى «چوكا مۇز» يېمەكچى بولۇڭ، شۇ ھامان قولىڭىزغا تېگىدۇ. بىراق، باللار مۇشۇنداق قولايلىقنىڭ ئارقىسىغا ئىنسانلار ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

ياپونىيىنىڭ باللار يەسلىسى ياكى مەكتەپلىرىنىڭ تۆۋەن يىللىق سىنىپلىرىدا باللار ئەڭ ياقتۇرىدىغان «قول ھۈنەرۋەنچىلىك دەرسى» ئۆتۈلىدۇ. «قول ھۈنەرۋەنچىلىك دەرسى»نىڭ تەسىس قىلىنىشىدىكى مەقسەت: بىرىنچىدىن، باللارنىڭ قول ھەرىكەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش بولسا، ئىككىنچىدىن، باللارنى ئىجادىي تەپەككۇر ۋە مول تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەشتىن ئىبارەت.

ياپونىيىدە ئاتا-ئانىلارئەسكى -تۈسكى قەغەز ياكى كېرەكسىز دەپ قارالغان «تۇرمۇش ئەخلەتلىرى»نى تاشلىۋەتمەي، «قول ھۈنەرۋەنچىلىك دەرسى»نىڭ «خام ئەشياسى» سۈپىتىدە ساقلاپ قويىدۇ. باللار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ھەر خىل مودېللارنى ياساپ، بايرام -خاتىرە كۈنلەردە ئۇنى ئاتا- ئانىلىرىغا تەقدىم قىلىدۇ. ئاتا-ئانىلار «بازاردىمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدىغان بۇنداق قىممەتلىك بۇيۇملار»نى خاتىرە ئورنىدا ساقلاپ قويىدۇ.

جەمئىيەت ئۈزلۈكسىز ئىجاد قىلىشقا موھتاج. 21 ـ ئەسىرنىڭ گۈللىنىشى پۈتۈنلەي تەمتىلەپ يۈرۈپ مېڭىشنى ئۆگىنىۋاتقان، يەسلىدە ئويناپ يۈرگەن، تەنتەربىيە مەيدانلىرىدا چېپىشىپ يۈرگەن ئاشۇ باللارغا موھتاج. تۇرمۇشتا ھەدېسىلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان كېرەكسىز نەرسىلەردىن يىغى، قىممىتى بار نەرسىلەرنى ياساش ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلدۇرۇش ئارقىلىق باللاردا ئىجابىي تەپەككۇرنى قوزغىتىپ، باللارنىڭ ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىشى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**باللارنى باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش**

جەمئىيەتنىڭ ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شەھەرلەردىكى بىنالار بارغانسېرى ئېگىزلەپ قوشنىلار ئارا بېرىش-كېلىش بارغانسېرى ئازايدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پەيدا بولغان «ئاز پەرزەنت كۆرۈش» (تۇغۇلۇش نىسبىتى تۆۋەنلەش) خاھىشى تۈپەيلىدىن باللاردىكى يېتىمسىرەش خاھىشى كۆپەيدى. ياپونىيىلىك باللار مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە، باللارنى بۇنىڭدىن كېيىن جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈپ، «لاياقەتلىك جەمئىيەت ئەزاسى» قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتا ئۇنى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا تۇتۇش زۆرۈر ئىكەن.



ياپونىيىدە باللار 5 ياشقا توشقاندا مەكتەپكە ماڭىدۇ. بىراق مەكتەپ ئاشۇ باللارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىغا ئىنتايىن مۇھىم بىر تاپشۇرۇق بېرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ باللىرىنى ئېلىپ قولۇم- قوشنىلىرى بىلەن داۋاملىق باردى- كەلدى قىلىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت.

ياپونىيىدە باللارنىڭ دوست تۇتۇش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشتە، باللارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىن دوست تۇتۇشىغا ياردەم بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ سىرت جايلاردىن دوست تۇتۇشىغىمۇ ياردەم بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئىشتا چوڭلارنىڭمۇ پائال ماسلىشىپ، مۇناسىۋەت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇشىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەلۇم بىر خىل ئوقۇش قورالىنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، مۇئەللىم ئۇلارغا ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن ئاۋۋال پۇختا تەييارلىق كۆرۈش ھەققىدە تەربىيە ئىشلەش بىلەن بىرگە ئۇلارنى باشقا كىچىك دوستلىرىدىن ئارىيەت ئالغۇزىدۇ. مۇبادا بىرەر كىچىك دوست ئاغرىپ قېلىپ مەكتەپكە بارالمىسا، مۇئەللىم شۇ ئائىلىدىن كەلگەن رۇخسەت سوراش تېلېفونىنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇ كىچىك دوستنى ئائىلىسىدىكىلەرگە رۇخسەت سوراش ئىلتىماسىنى باشقا كىچىك دوستلار ئارقىلىق مەكتەپكە يەتكۈزۈپ بېرىشكە ھاۋالە قىلغۇزىدۇ. بۇ ئارقىلىق رۇخسەت سوراش ئىلتىماسىنى مەكتەپكە ئالغاچ كەلگەن ئوقۇغۇچىغا بىر قېتىم باشقىلارغا ياردەم بېرىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ.

ياپونىيىلىكلەر باللاردا مۇشۇنداق دوست تۇتۇش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلار كەلگۈسىدە دوست تۇتۇپ ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنى ماسلاشتۇرالىغاندىلا ئاندىن كەلگۈسى جەمئىيەتتىكى كەسكىن رىقابەتتە پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ، دەپ قارايدۇ.

## باللارغا ئوگۇشسىزلىقنىمۇ ئۆگىتىش

تۇرمۇش شارائىتى بارغانسېرى ئەۋزەللىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، باللار ئالقاندىكى مەرۋايىت بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. «بىخەتەر مۇھىت» تا ياشاۋېرىش باللارنىڭ ئۆزىدە ئەزەلدىنلا بولۇشقا تېگىشلىك بولغان ئۆز-ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. جۇڭگولۇق ئائىلە باشلىقلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ياپونلار باللارنىڭ ئۇرۇپ-سوقۇلۇشىنى ئانچە ئېغىر ئېلىپ كەتمەيدۇ. ئۇلاردا: باللارغا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈشنىمۇ ئۆگىتىش كېرەك، دەيدىغان تەمسىل بار.

سىز ئادەتتە بىر يېرىم ياشلىق باللارنىڭمۇ چىش كولىغۇچ بىلەن كىچىك-كىچىك قىلىپ توغرالغان مېۋىلەرنى يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالىسىز. بىراق، ئانا بولغۇچى بالىنىڭ چىش كولىغۇچ بىلەن ئۆزىنىڭ بىرەر يېرىنى زەخىملەندۈرۈپ قويۇشىدىن ئانچە ئەندىشە قىلىپ كەتمەيدۇ.

دوختۇرلار دائىم يىقىلىپ يارىلانغان كىچىك دوستلارغا ئۇچۇقلا قىلىپ: «يىقىلىپ چۈشكەندە قولۇڭ نەگە كەتكەن؟» دەيدۇ.

شۇڭا، باللار تەربىيىسى مۇتەخەسسىسلىرى باللارنى ئۆز خاتالىقى ھەققىدە ئويلاندۇرۇشتا مەلۇم بىر خىل خەتەر ئارقىلىق باللارنى شۇ خىل ھەرىكەت ياكى ئويۇنغا مەشغۇل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇلارنى قانداق قىلغاندا بىخەتەر بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويغا سالىدۇ ھەم ئۇلارغا «خېيىمخەتەرنى ئالدىن بىلىش، خېيىمخەتەردىن ساقلىنىش ۋە خېيىمخەتەرگە تاقابىل تۇرۇش» تىن ئىبارەت ماھارەتنى ئۆگىتىدۇ.

باللار — بىر دۆلەتنىڭ كېلەچىكى، ياپونىيە باللار تەربىيىسىگە، بولۇپمۇ باللاردا ھەر تەرەپلىمە ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. خەلق ئۆزى ئاچقان چوڭ-كىچىك مەكتەپلەر، ھەرقايسى جايلاردىكى باللار شادلىق باغچىلىرى، كوچا- كويلاردىكى باللار كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرى، شۇنىڭدەك باللار ساقلىقىنى ساقلاش دوختۇرخانىلىرى ۋە تەلىم- تەربىيە باغچىلىرى ئەتراپقا يۇلتۇزدەك تارالغان. ئەلۋەتتە ياپونىيىنىڭ باللار تەربىيىسى ھەم مۇكەممەل، ھەم گۈزەل، بۈگۈنكى باللارنى كېلەركى ئەسىردىكى دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ كېرەكلىك ماتېرىياللىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، ياپونىيە مائارىپ ساھەسىدىكىلەر باللار تەربىيىسى بىلەن كېلەچەكتىكى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى تېخىمۇ زىچ ماسلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭىچە مائارىپ مېتودى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە.

(ئۆمەرجان ھەسەن تەرجىمە قىلدى)

# غەربىي رايوندا: مۇھىت يامانلىشىپ كەتسە، بېيىشمۇ ئىشەنچلىك بولماي قالىدۇ

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسىم رايونلىرىدا ئىقتىساد راۋاجلىنىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت جىددىي تۈردە يامانلىشىپ بارماقتا. ج ك پ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ئىقتىسادشۇناسلىق بۆلۈمىنىڭ دوتسېنتى ليۇجېنيىڭ يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھەر كىم نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش خىيالىدا بولىدۇ، ھەر كىم مۇمكىنقەدەر چاپسانراق بېيىش ئارزۇسىدا بولىدۇ، بۇنداق خىيال ـ ئارزۇ ئەقىلگە سىغىدۇ، ئەلۋەتتە. ۋەھالەنكى، ئۇنداق بېيىش بايلىقىنى ئىسراپ قىلىۋېتىش، مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق سېلىش ھېسابىغا بولىدىغان بولسا، ھازىرنىلا ئويلاپ، كەلگۈسى بىلەن ھېسابلاشمايلا ئىش كۆرۈشتىن باشقا ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدۇ. ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش ۋە مۇھىتنى ئاسراشنى ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇش، ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلغان ئىزچىل تەرەققىيات يولىغا ماڭغاندىلا، غەربىي رايوندىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.

ليۇ جېنيىڭ مۇنداق دېدى: مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، يېقىنقى يىللاردىن بېرى، غەربىي رايونلار بىلەن شەرقىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقى بارغانسېرى كىچىكلەشكە قاراپ يۈزلىنىۋېتىپتۇ. بۇ خۇشاللىنارلىق ئىش بولسىمۇ، غەربىي رايونلاردا چۆللىشىپ كېتىشنىڭ تېزلىشىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى كۆڭۈلسىز خەۋەرلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن تارالماقتا.

غەربىي رايونلار مۇھىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى شۇ جايدىكى خەلقنىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، شەرقىي رايونلاردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ ئېغىر خەۋپ ـ ۋەھىمە كەلتۈرمەكتە.

ليۇ جېنيىڭ شۇنداق قاراشتا ئىكەنكى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات پەرقى چوڭىيىپ كەتتى، بۇمۇ ئەمەلىي پاكىت بولۇپ قالدى. بۇ پەرقنى بىر ئەتىگەندىلا تەڭشەپ كېتىشمۇ رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. غەربىي رايون خەلقىنىڭ پەرقنى كىچىكلىتىش تەشنالىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ يەردە مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق سېلىش، بايلىقنى ئىسراپ قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئېشىش سۈرئىتىنى قوغلىشىش كېرەكمۇ ياكى مۇھىت بىلەن سۈرئەتنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەكمۇ، دېگەن بىر مەسىلە بار. بۇ مەسىلىدە غەربىي رايوندىكىلەر شەرقىي رايونلاردىكىلەرنىڭ ساۋىقىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. شەرقىي رايونلاردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئەمما، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، شەرقىي رايونلاردىكى خەلقنىڭ ياشاش ساپاسى تۆۋەنلەپ بارماقتا. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماقتا.

غەربىي رايونلار قانداق تەرەققىي قىلىشى كېرەك، ئەمەسە؟ ليۇ جېنيىڭ شۇنداق دەپ ھېسابلايدۇكى، ئالدى بىلەن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا ئىش قىلىپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان قول سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك. غەربىي رايونلار ئۆزگىچە تەبىئىي مۇھىت ۋە جۇغراپىيىلىك بايلىققا ئىگە بولغاچقا، ئۇ ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئالاھىدە ئۈستۈنلۈك ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، مەركەزمۇ غەربىي رايونلارغا بولغان مالىيىنى يۆتكەپ چىقىم قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، غەربىي رايونلارغا بولغان ياردىمىنى كۆپلەپ ئاشۇرۇشى ھەمدە ئۇنى تۈزۈملەشتۈرۈشى كېرەك.

(مەمتىمىن مۇسا تەرجىمە قىلدى)

# بىلىم دېگەن نېمە ؟

**ئە**سىر ئالمىشىدىغان پەيت كۆنسېرى يېقىنلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىلىم ئىگىلىكى يەر شارى خاراكتېرلىك قىزىق تېما بولۇپ قالدى. كىشىلەر «بىلىم ئىگىلىكى» ئۇقۇمىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بىلىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە جاۋاب بېرەلەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ۋە تولۇق ئىگىلىيەلەيدىغان بولۇشى لازىم.

چەت ئەللەردە بىلىم ھەققىدىكى چۈشەنچىنى ئادەتتە «نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش»، «نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىش»، «قانداق ئىشلەشنى بىلىش»، «كىم ئىكەنلىكىنى بىلىش»دىن ئىبارەت 4 نۇقتىغا يىغىنچاقلايدۇ. بۇ ئۇقۇم غەرب ئەللىرىدە 60 ـ يىللاردىن بۇيان ئىزچىل تۈردە دەۋر سۈرۈپ كەلمەكتە. ئېلىمىزدىكى بىر قىسىم ئالىملار دۆلىتىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن «بىلىم»نىڭ تەبىرى ھەققىدە يۇقىرىدىكى 4 بىلىشتىن باشقا يەنە «قانداق ۋاقىتتا ئىكەنلىكىنى بىلىش»، «قانداق ئورۇندا ئىكەنلىكىنى بىلىش»، «قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش»نى قوشۇپ قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«بىلىم ئىگىلىكى» ئۇقۇمىدا ئېيتىلىۋاتقان «بىلىم» كەڭ مەنىدىكى ئۇقۇم بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ تا بۈگۈنگە قەدەر ياراتقان بارلىق بىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پەن ـ تېخنىكا، باشقۇرۇش ئىلمى ۋە ھەرىكەت ئىلمىدىكى بىلىملەر ئەڭ مۇھىم قىسىملار ھېسابلىنىدۇ. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، بىلىمنىڭ ئۆزىدە باشقىنى ئورنىغا دەسسەتكىلى بولماسلىق، ئۆزئارا قوشۇۋەتكىلى بولماسلىق، قايتىلانماسلىق، ئۆپرىماسلىق، بۆلۈنمەسلىك، ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ۋە چەكسىز يوسۇندا كۆپىيىشتىن ئىبارەت 7 خىل ئالاھىدىلىك بار. بىلىمنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلىم بىلەن ئادەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. بىلىم ئىگىلىكىدە بىلىم ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى «تاشقى سان ئۆزگىرىشى» بولماستىن، بەلكى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدا ئىچكى قىسىمدا بار بولغان يادرولۇق ئامىل ھېسابلىنىدۇ. بىلىم ئىقتىسادنىڭ ئاساسلىق ئامىلىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىدە تۈپ ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىپ، ئۇزۇن مۇددەت يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ئېشىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ.

بىلىم ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا ھەل قىلغۇچ رول ئويناپ كەلدى. يەنى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقېتىملىق زور ئىلگىرىلىشى بىلىمنىڭ تەرەققىياتىدىن ۋە قوللىنىلىشىدىن ئايرىلالمىغان.

بىلىم ئىنسانلارنى ھايۋانلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم ئالامەتلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىدىكى مۇھىم شەرتتۇر. بىلىمنىڭ چوڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئورتاق بەھرىمەن بولىدۇ.

بىلىم ئىگىلىكى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغاچقا، ئىنسانلارـ مەيلى ئۇ قانداق مىللەت، قانداق ئىرقتىن بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق بىر پائالىيىتى بىلىمدىن ئايرىلالمايدۇ. بولۇپمۇ 21 ـ ئەسىرگە كىرىدىغان پەيتتە، بىلىمنىڭ ئىقتىسادقا بولغان رولى تېخىمۇ گەۋدىلەنمەكتە.

بىلىمنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇنىڭ قىممىتى دۆلىتىمىزدە ئوخشاشلا كۈنسېرى گەۋدىلەنمەكتە. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يېڭىدىن باشلانغان ۋاقىتتا، جەمئىيەتكە يۈزلەنگەن ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەكنىڭ تەقسىماتى مۇۋاپىق بولمىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەن، ھازىر بۇنداق ئەھۋاللار يوق دېيەرلىك. چۈنكى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، بازار تۈزۈلمىسىنىڭ جەمئىيەتتە بارغانسېرى رول ئوينىشىغا ئەگىشىپ ھەققىي بىلىمى بار، ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەر جەمئىيەتتە تېگىشلىك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولماقتا ۋە ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلمەكتە. ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشلەر مەدەنىيەتلىك، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بۇ دېڭىزدا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

بىلىم ئىجتىمائىي ئىگىلىكتە ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى بارغانسېرى جارى قىلدۇرماقتا. بىلىم ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بۇ دەۋر بىزگە يېقىنلاشماقتا.

(ئەلى راجى تەرجىمە قىلدى)



# بىلىم ئىگىلىكى دېگەن نېمە؟

90 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ب د ت ئىقتىساد - سودا تەشكىلاتى «بىلىمنى ئاساس قىلغان ئىگىلىك» دېگەننى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغاندىن بۇيان، «بىلىم ئىگىلىكى» دېگەن ئۇقۇم دۇنيا خاراكتېرلىك قىزىق تېما بولۇپ قالدى. بىلىم ئىگىلىكى ماھىيەتتە، ئەقلىي بايلىقنىڭ ئىگىلىنىشىنى، تەقسىملىنىشىنى، پەن - تېخنىكىنى ئاساس قىلغان بىلىمنىڭ بارلىققا كەلتۈرۈلۈشىنى، تەقسىم قىلىنىشىنى ۋە ئىشلىتىلىشىنى ئەڭ ئاساسلىق ئامىل قىلغان ئىگىلىكتۇر.

بىلىم ئىگىلىكى بايلىقلارنى تەقسىملەش جەھەتتە، ئەقىل بايلىقىنى، شەكىلسىز مەبلەغنى بىرىنچى ئامىل قىلىدۇ. تەبىئىي بايلىقنى بىلىم ۋە ئەقىل ئارقىلىق ئىلمىي، مۇۋاپىق، ئۇنىۋېرسال، ئۈنۈملۈك تەقسىملەيدۇ. شۇڭا بىلىم ئىگىلىكىدە ئەقىل بايلىقى يەنى ئىختىساسلىقلار ۋە بىلىمنىڭ ئىگىلىنىشى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ھەتتا سانائەت ئىگىلىكىدە كەم ئۇچرايدىغان يەر، نېفىت قاتارلىق بايلىقلارنىڭ ئىگىلىنىشىدىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

بىلىم ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشنا يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپنى تۈۋرۈك قىلىدۇ. يۇقىرى تېخنىكا 80 - يىللاردا مەيدانغا كەلگەن ئىنگلىزچە ئاتالغۇ بولۇپ، بۇ تېخنىكىلار پەن بىلەن تېخنىكىنىڭ بىرلىشىشىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەنە «يۇقىرى پەن - تېخنىكا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ب د ت نىڭ تۈرگە ئايرىشىغا ئاساسلانغاندا يۇقىرى تېخنىكىدىن: ئۇچۇر پەن - تېخنىكىسى، ھاياتلىق پەن - تېخنىكىسى، يېڭى ئېنېرگىيە ۋە قايتا ھاسىل بولىدىغان ئېنېرگىيە پەن- تېخنىكىسى، يېڭى ماتېرىيال پەن- تېخنىكىسى، بوشلۇق پەن - تېخنىكىسى، دېڭىز - ئوكيان پەن - تېخنىكىسى، مۇھىتقا پايدىلىق بولغان يۇقىرى يېڭى تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش پەن- تېخنىكىسى (بۇ يۇمشاق پەنلەر تېخنىكىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىقلار بار. ئىنسانلار دەۋرنى ئۆزگەرتىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئۇسۇل يۇقىرى پەن - تېخنىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتە. نۆۋەتتە يۇقىرى تېخنىكىنىڭ كەسىپلىشىشى دەۋرنىڭ دولقۇنىغا ئايلاندى.



بىلىم ئىگىلىكىنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى، ئادەتتە يۇقىرى تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۇچۇر ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن يېڭى بىلىمنى ئاساس قىلىشى كېرەك. ئۇ ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، كەم ئۇچرايدىغان تەبىئىي بايلىققا تايىنىپ ماددىي بايلىق يارىتىشقا ئوخشىمايدۇ. بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى بىلىمنى ئاچىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان دەۋر بولغاچقا، كىشىلەر بىلىم ۋە ئەقىلدىن پايدىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، مول تەبىئىي بايلىقنى تېخىمۇ كۆپ ماددىي بايلىق يارىتالايدۇ. مەسىلەن، ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىش جەريانىدا كىشىلەر قۇياش ئېنېرگىيىسى، يادرو ئېنېرگىيىسى قاتارلىقلاردىن تېخىمۇ كۆپ پايدىلىنالايدىغان، ئەمما كۆمۈر ۋە نېفىت قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدىن پايدىلىنىش ئازايماقتا.

ھازىرقى دۇنيا مىقياسىدا بارلىققا كەلگەن بىلىم ئىگىلىكى دولقۇنى ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن مەرەككەپ باسقۇچقا يەتكەنلىكىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى، شۇنداقلا ئالدىنقى بىر قېتىملىق كەسىپنىڭ دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەندىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق دۇنيا خاراكتېرلىك كەسىپنىڭ دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈش ھادىسىسى. بىلىم ئىگىلىكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ ئىقتىدارى — ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىدۇ. ئۇنى يېڭىلىق يارىتىش دېيىشكىمۇ بولىدۇ. يۇقىرى تېخنىكا كىشىلەر ئەقىل- پاراسىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىپادىلىنىشى، ئۇسۇل بولسا كىشىلەر ئەقىل- پاراسىتىنىڭ پەلسەپىۋىلىشىشى، ئۇچۇر تېخنىكىسى كىشىلەر ئەقىل - پاراسىتىنى تارقىتىشتىكى ئەڭ ياخشى ۋاسىتە. يىغىنچاقلىغاندا، بىلىم ئىگىلىكى ئالەمدىكى ئەڭ مۇرەككەپ قۇرۇلما ئىقتىدارىنى يېتەكچى كۈچ قىلىدىغان ئىگىلىك شەكلىدۇر.

دۆلىتىمىزنىڭ ھازىر بىلىم ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى مۇنداق 2 خىل مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، تېخنىكا ئارقىلىق يېڭىلىق يارىتىشنى زور كۈچ بىلەن رىغبەتلەندۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇچۇر كەسپىنىمۇ زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش؛ يەنە بىرى، بىلىمنى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىش ئارقىلىق ئەنئەنىۋى كەسىپكە تۈرتكە بولۇپ، 1- ۋە 2- كەسىپنىڭ بىلىم بىلەن قابىلىيىتىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق ئەنئەنىۋى كەسىپنىڭ مەھسۇلاتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. بۇ جەھەتتە، ئاساسلىقى ئىلگىرى بار بولغان ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىكى تېخنىكىنىڭ تېخىمۇ يېڭىلىنىشىنى ۋە ئۇسۇلىنىڭ تېخىمۇ يېڭىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئومۇملاشتۇرغاندا، بىلىمنى ئاساس قىلغان، بىلىم بىلەن ئۇچۇرغا بىۋاسىتە تايانغان بىلىم ئىگىلىكى كىشىلەرنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشىغا كۈنسېرى تەسىر كۆرسەتمەكتە ۋە ئۇنى ئۆزگەرتمەكتە.

(ئەلى راجى تەرجىمە قىلدى)

## سوقرات ھېكمەتلىرىدىن: تاللاش

بىرقانچە ئوقۇغۇچى سوقراتتىن كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىتىنى سوراپتۇ.

سوقرات ئۇلارنى باغقا باشلاپ كىرىپتۇ. بۇ مېۋىلەر مەي باغلىغان پەسىل بولۇپ، شاخلار مېۋىلەرنى كۆتۈرەلمەي ساڭگىلاپ كەتكەنىكەن. سوقرات ئۇلارغا:

— سىلەر ھەر بىرىڭلار بىر قاتار مېۋىلىك دەرەخنى بويلاپ، باغنىڭ بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگە چىققۇچە ئۆزۈڭلار ئەڭ چوڭ دەپ قارىغان مېۋىدىن بىردىن ئۈزۈپ كېلىڭلار. ئارقاڭلارغا قايتىپ تاللاشقا بولمايدۇ، — دەپ تاپىلاپتۇ.

ئوقۇغۇچىلار باغنى كېسىپ ئۆتكىچە ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن مېۋە تاللاپتۇ.

ئوقۇغۇچىلار باغنىڭ ئۇ قېتىغا بارغاندا، سوقرات ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغانىكەن.

— ئۆزۈڭلار قانائەتلەنگۈدەك مېۋە تاللىيالىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سوقرات ئۇلاردىن.

ئوقۇغۇچىلار بىر-بىرىگە قارىشىپ قويۇپ جاۋاب بەرمەپتۇ.

— نېمە بولدۇڭلار، باللىرىم، ئۆزۈڭلارنىڭ تاللىشىغا رازىمۇ سىلەر؟ — سوراپتۇ سوقرات يەنە.

— مۇئەللىم، ماڭا يەنە بىر پۇرسەت بەرسىڭىز، — دەپتۇ بىر ئوقۇغۇچى ئۆتۈنۈپ، — مەن باغقا كىرىپلا چوڭ بىر مېۋىنى بايقىغان. لېكىن، تېخىمۇ چوڭى ئۇچرايدىغۇ، دەپ ئۇنى ئۈزمەپتىمەن. باغنىڭ ئۇ قېتىغا چىققاندا باشتا كۆرگەن مېۋىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلدىم، — دەپتۇ.

— مەن ئەكسىچە ئىشقا يولۇقتۇم، — دەپتۇ يەنە بىر ئوقۇغۇچى ئۇلاپلا، — باغقا كىرىپلا ئەڭ چوڭ مېۋە دەپ بىر مېۋە ئۈزگەنىدىم، كېيىن باغدا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ مېۋىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى كۆردۈم. مۇئەللىم، بىزگە يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بەرسىڭىز!

— مۇئەللىم، بىزگە يەنە بىر قېتىم تاللاش پۇرسىتى بەرسىڭىز! — دەپتۇ باشقا ئوقۇغۇچىلارمۇ بىر ئېغىزدىن.

— باللىرىم، ئىككىنچى قېتىم پۇرسەت يوق، — دەپتۇ سوقرات بېشىنى چايقاپ، — كىشىلىك ھايات دەل مۇشۇنداق.

## گۈل ئۆستۈرۈش

بىر ئەما كىشى ئۆمۈر بويى گۈل ئۆستۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولدى، ئۇنىڭ دادىسى داڭلىق گۈلچى ئىدى. ئاتا كەسپى بالىغا مىراس دېگەندەك، ئۇمۇ گۈلچىلىك كەسپىنى تاللىدى. ئۇ تۇغما ئەما بولغاچقا، گۈلنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

باشقىلار ئۇنىڭغا «گۈل چىرايلىق بولىدۇ» دېگەندە، ئۇ قوللىرى بىلەن گۈل بەرگىلىرىنى سىلايدى؛ يۈرىكىدىن تارتىپ بارماقلىرىنىڭ ئۇچلىرىغىچە گۈزەللىكنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي ھېس قىلدى. يەنە بەزىلەر گۈلنىڭ ھىدى خۇش پۇراق بولىدىغانلىقىنى ئېيتقۇدى، ئۇ ئېگىشىپ تۇرۇپ گۈلنى پۇرىدى.

ئاردىن نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ئەما كىشى گۈللەرنى كۆيۈنۈپ پەرۋىش قىلدى. ئۇ ئۆستۈرگەن گۈللەر گۈزەللىكتە كۆزنى قاماشتۇراتتى. گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى ئادەمنى مەستخۇش قىلاتتى، ئۇ گۈللەرنىڭ گۈزەللىكتە بۇ شەھەردە تەڭدىشى يوق ئىدى؛ سانسىزلىغان ئەتىرگۈل، قىزىلگۈل، مودەنگۈل، شۇنىڭدەك ئىسمىنى ئاتاپ بولمايدىغان گۈللەر كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى.

ئادەم بىرەر ئىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىدىكەن، مەيلى ئۇ ئىشنى ئىلگىرى قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، جەزمەن ياخشى قىلالايدۇ.

ETHNIC UNITY

## قەدىر ـ قىممەت

ئەگەر ھاياتلىق دەرەخ بولسا، قەدىر-قىممەت ئۇنىڭ يىلتىزى؛ ئەگەر ھاياتلىق سۇ بولسا، قەدىر-قىممەت ئۇنىڭ ئېقىنى؛ ئەگەر ھاياتلىق ئوت بولسا، قەدىر-قىممەت ئۇنىڭ يېقىلغۇسى؛ ئەگەر ھاياتلىق قارلىغاچ بولسا، قەدىر-قىممەت ئۇنىڭ قانىتى.

ھەقىقىي قەدىر-قىممەت ھاياتلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ كىشىلىك قەدىر-قىممىتىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش سۈپىتىنىمۇ نامايان قىلىدۇ.

مەيلى باي ئادەم بولسۇن، مەيلى ئادەتتىكى ئادەم بولسۇن ھەممىسىنىڭ ئوخشاشلا قەدىر-قىممىتى بولىدۇ. بايلىقنىلا ئۆلچەم قىلىدىغان بايلارنىڭ قەدىر-قىممىتى بولسا پۇل بىلەن ئېرىشكەن ساختا قەدىر-قىممەت بولۇپ، ھامان كۆپلەرنىڭ بىردە گۇمران بولىدۇ. ئۇلار ھەقىقىي قىياپىتىنى تونۇپ يەتكەندە، ئىززەت-ئابرۇيىمۇ تۆكۈلۈپ بولغان بولىدۇ.

قەدىر-قىممەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئادەمدە يۈكسەكلىك بولۇشى كېرەك. چۈنكى يۈكسەك دەرىجىدىكى ئالىيجانابلىق قەدىر-قىممەت مۇقەددەسسدۇر.

قەدىر ـ قىممىتىنى يوقاتقان ئادەم روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلەشكەن ئادەمدۇر. ئۇلار باشقىلارنىڭ پائال ئالغا ئىلگىرىلىشىنى كۆرەلمەيدۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ. قەدىر-قىممىتىنى يوقىتىشنىڭ ئۆزى سەرگەردانلىقنىڭ بېشارىتى. چۈشكۈنلۈك بولسا قەدىر-قىممەتنى دەپسەندە قىلىدىغان كۆز. ئۇ ئىرادىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. بەزىلەر ئۆزى خالىغان ھالدا قەدىر-قىممىتىدىن ۋاز كېچىدۇ. بۇنداقلار ۋۇجۇدىنى قۇللۇق ئىدىيىسى چىرماپ كەتكەن ئادەملەردۇر.

ئەگەر، ھوقۇقنىڭ، پۇلنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ، روھىي يېتەكچىنى ئۆزگەرتىۋەتكەندە، قەدىر-قىممەت ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ چاغدا كىشىلىك قەدىر-قىممەتنىڭ رولى يوقاپ، روھىي زەنجىرلەنمەيدىغان قۇرۇق رەڭدار قەغەزگىلا ئايلىنىپ قالىدۇ.

(«شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى» ژۇرنىلىدىن) قاسىمجان ناسىر تەۋسىيە قىلغان.

## ھۆرۈنلۈك توغرىسىدا ھەرقايسى ئەللەرنىڭ خەلق ماقاللىرى

ھۆرۈنلۈك — ئەڭ خەتەرلىك ئاپەت.

— ياپونىيە خەلق ماقالى

ھۆرۈننىڭ يولىنى تىكەنلىك باسار.

— دانىيە خەلق ماقالى

ھۆرۈن قۇدۇق بېشىدا تۇرۇپمۇ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلىدۇ.

— چاۋشيەن خەلق ماقالى

ھۆرۈنلۈك ـ جىنايەتنىڭ ئۇۋىسى.

— فرانسىيە خەلق ماقالى

ھۆرۈننىڭ چىشى بولمىسىمۇ ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى يەۋېتەلەيدۇ.

— ئافرىقا خەلق ماقالى

بىكارچىلىق شىپالىق دورا ئەمەس، زەھەرلىك دورا.

— ئافغانىستان خەلق ماقالى

(ياسىن ھاۋازى تەييارلىدى)

## ئەتىرگۈل

دول بويىدىكى بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان ئەتىرگۈللەر ئالدىدا ئۈچ ئادەم تۇراتتى.

بىرىنچى كىشى خۇشاللىقىدا گۈل ئۈزمەكچى بولۇپ قولىنى ئۇزىتىۋېدى، قولىغا تىكەن سانجىلىپ قاناپ كەتتى.

ئىككىنچى كىشى بۇنى كۆرۈپ، گۈلگە ئۇزاتقان قولىنى دەرھال تارتىۋالدى. ئۈچىنچى كىشى بولسا ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن قولىنى سوزۇپ، ئەتىرگۈلنىڭ ئەڭ چىرايلىقىنى ئۈزۈۋالدى.

شۇ كۈنى كەچتە، ئۈچەيلەن چۈش كۆردى: بىرىنچى كىشى چۈشىدە تىكەن كۆرۈپ چۆچۈپ چىقتى؛ ئىككىنچى كىشى چۈشىدە ئەتىرگۈللەرنى كۆرۈپ ئېغىر خورسىندى؛ ئۈچىنچى كىشى چۈشىدە ئەتىرگۈللەرنىڭ يېقىملىق كۈلكىسىنى ئاڭلىدى.

## قېرىشنى تېزلىتىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى

ئادەم بەدىنىدىكى سۇ تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى قېرىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر. بۇ ئالىملارنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەتقىقات ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى كۆز قارىشىدۇر.

سۇ جانلىقلارنى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاساسلىق ماددا بولۇپ، ھەر خىل ئوزۇقلۇق ماددىلارنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ۋاستىچى ماددىدۇر. ماددا ئالمىشىش جەريانىدا سۇنى يوقىتىدىغان بىر خىل ماددا ھاسىل بولۇپ، بۇ ماددا جانلىقلارنىڭ قىل تومۇرلىرىدا يىغىلىپ قالسا، بەدەندىكى سۇيۇقلۇقلارنىڭ راۋانلىقىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، ماددا ئالمىشىشنى ئاستىلىتىدۇ. بۇ خىل ھالەت ئادەم بەدىنىنىڭ قېرىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ھازىرغىچە ئادەمنى قېرىتمايدىغان خاسىيەتلىك دورا تېخى بارلىققا كەلمىدى. ئەمما جانلىقلارنىڭ بەدىنىدىكى سۇ يوقىتىش جەريانىنى توسۇدىغان ياكى كېچىكتۈرەلەيدىغان بولسا، ئۆمۈرنى ئۇزارتقىلى بولىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىمەن دەيدىغان ئادەم بەدىنىدىكى سۇنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئەڭ ياخشى ھالەتتە ساقلىشى شەرت.

(خەمىت نىغمەت تەييارلىدى)

## توك چىراغ نۇرىدا بەك كۆپ پائالىيەت

## ئېلىپ بېرىشمۇ كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ

زامانىۋى تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ھەرخىل چىراغلار ئاستىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇنداق بولغاندا، كۆز چارچاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن بىللە ئادەم بەدىنىنىڭ كالتسىينى قوبۇل قىلىش مىقدارىنىمۇ تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. تېببىي ساھەدىكىلەرنىڭ قارىشىچە، چوڭلاردىكى سۆڭەك سۇنۇپ كېتىش ۋە بوۋاقلاردىكى راخىت كېسەللىكلىرىنىڭ بارغانسېرى كۆپ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان كالتسىي كەملىك مەسىلىسى تەبىئىي نۇردا قاقلىنىشنىڭ بارغانسېرى ئازىيىپ، چىراغ نۇرىدا يورۇتۇلۇشنىڭ بارغانسېرى ئۇزۇن بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن ئىكەن.

ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئائىلە ئۆي - چىراغلىرىنى ئىشلىتىش ئادەم بەدىنىدىكى «بىئولوگىيىلىك سائەت»نى قالايمىقان بۇزۇۋېتىپ، ئادەمنىڭ بىئولوگىك رىتىمىنى تەرتىپسىزلەشتۈرۈۋېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بىرمۇنچە كىشىلەردە كۆڭۈل ئالاقزادە بولۇپ مەيدە سىقىلىش، روھىي چۈشكۈنلۈك ئالامەتلىرى كېلىپ چىقىدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكلىپى بويىچە، كۈندۈزى كىشىلەر كۈن نۇرىدىن تولۇق ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئىشىك - دېرىزىلەرنى داۋاملىق ئېچىۋېتىپ، كۈن نۇرىنى ئۆيگە - خانىگە كۆپرەك چۈشۈرۈش كېرەك ئىكەن. «زامانىۋى چىراغ كېسىلى»گە گىرىپتار بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ھەركۈنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ ئىشلەيدىغان كىشىلەر سىرتقا كۆپرەك چىقىپ ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇشى كېرەك.

(سائادەت يۇسۇپ تەييارلىدى)

شەيتان لۇغەت: رېتسېپ — دورا ئىسمىنى بىلگىلى بولمايدىغان، ئەمما باھاسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغان قەغەز.

ETHNIC UNITY

## سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسىلى بارلارغا تولىمۇ غەمخورلۇق قىلىپ كېتىش مۇۋاپىق ئەمەس

سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسىلى بارلارغا تولىمۇ ئەتراپلىق غەمخورلۇق قىلىپ كېتىش ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇساپىسىنى ئۇزارتىۋېتىدۇ.

ئامېرىكىلىق پسىخولوگلارنىڭ تاجىسىمان يۈرەك كېسىلى بار بىمارلارنىڭ يۈرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسى قوزغىلىشتىن كېيىن سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ئەھۋالى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن بايقىشىچە، ئايالى خىزمەت بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ئانچە بەك كۆپ غەمخورلۇق قىلىپ قاراشلارغا مۇۋەپپەق بولالماي قالغان ئېرىنىڭ كېسىلى تېز ئارىدىلا قانائەت ھاسىل قىلارلىق دەرىجىدە ياخشىلىنىپ قالغان؛ تولىمۇ ئەتراپلىق غەمخورلۇقلارغا مۇۋەپپەق بولغۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىش مۇساپىسى بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتكەن. «ياخشى نىيەت ياخشى نەتىجە بەرمەسلىك»نىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنكى، سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىك بارلارنىڭ پسىخولوگىيە جەھەتتىن ماسلىشىشى ئۈچۈن مەلۇم جەريان كېرەك ئىكەن، ئەگەر بىمار ئۇزاقىچە ئۆزىنى بىمار دەپ قارايدىغان بولسا، ئۇنىڭدا باشقىلارغا قاراپ قالىدىغان پسىخىك ھالەت شەكىللىنىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ بەدىنى ۋە ئىدىيىسىدە دەم ئېلىۋېلىش تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ قېلىپ، نەتىجىدە كېسەلنىڭ ساقىيىش مۇددىتى ئۇزىراپ كېتىدىكەن.

(ياسىن ھاۋازى تەييارلىدى)

## جىنسىي كېسەللىك بىمارلىرى ئۈچۈن

## خۇش خەۋەر

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇتقا تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلىش ئورنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆپىيىش سىستېمىسىغا دائىر تەتقىقات ۋە داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز ساھەسىدە نوپۇزلۇق ئورگان بولۇپ قالدى. بۇ ئورگاندىكى تەجرىبىلىك دوختۇر ئەركىن ھاشىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن «بوغدا ئامبۇلاتورىيىسى»ئەر-ئاياللارنىڭ پەرزەنت كۆرەلمەسلىكى، ئەرلەردىكى جىنسىي ئاجىزلىق، سۆزنەك، سىفىلىس ۋە باشقا ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى ئۈنۈملۈك داۋالاپ، ھەر مىللەت بىمارلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ ئامبۇلاتورىيە يەنە تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دورا بىلەن بالا چۈشۈرۈش، سۈنئەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. «بوغدا ئامبۇلاتورىيىسى» بىمارلارنىڭ كېلىپ كېسەل كۆرسىتىشىنى، تېلېفون ياكى خەت ئارقىلىق مەسلىھەت سورىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ، تېببىي خادىملار دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ كېسەل كۆرىدۇ.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچىسى 153 - قورۇ. يەنى رابىيە قادىر سودا سارىيى ئالدىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى تەرەپكە 200 مېتىر ماڭسىڭىز بارىسىز.

تېلېفون: **2306919 (0991)**

ئالاقىلەشكۈچىلەر: **ئەركىن ھاشىم**

**ئەنۋەر ئەركىن**

ETHNIC UNITY

## ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ 5

## ئاساسلىق ئامىلى

ئامېرىكىلىق ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش تەتقىقاتى بويىچە داڭلىق مۇتەخەسسىس كارمېل دوكتور «ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىدىكى سىرلار» ناملىق ماقالىسىدە، ئادەم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك 5 ئامىلغا ئېرىشىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن: بىرىنچى، ئادەم يېشىللىق مۇھىتتا ۋە ساپ ھاۋادا ياشىشى كېرەك. چۈنكى ياپيېشىل دەرەخزارلىق ۋە رەڭگارەڭ گۈللەر ئارىسىدا ياشىغاندا ئادەم روھلۇق، جۇشقۇن، كۆڭلى خۇشال بولىدۇ. بەدىنىمۇ تەبىئىي ساغلام كېلىدۇ؛ ئىككىنچى، ھازىرقى زامان تۇرمۇشىدا شوخ ھەۋەسلىك بولۇشى، مەنىۋى تۇرمۇشى مول بولۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، كۈندە مۇۋاپىق ئىش قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى، ئىشنى توختىتىپ قويغاندا ئادەم بەدىنىدىكى فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدار چېكىنىشكە باشلاپ، بەدەننىڭ ساغلام يېتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ؛ تۆتىنچى، تاماقنى ھەرگىز نورمىدىن ئارتۇق يېمەسلىكى كېرەك. ئوزۇقلۇق تەركىبى مۇۋاپىق، بەدەن ھەرىكىتىگە يېتەرلىك بولسىلا بولىدۇ؛ بەشىنچى، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بىرگە كېسەللىكلەرگە بولغان تونۇشىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، داۋالىنىپ ساقايتىشى كېرەك. ئالدىنى ئېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا بولمايدۇ.

## روھىي ساغلاملىقنىڭ ئاساسلىق

## ئىپادىلىرى

سىز روھىي جەھەتتە ساغلاممۇ؟ روھى ساغلام كىشىلەردە تۆۋەندىكىچە ئالاھىدىلىكلەر بولىدۇ:

△ رېئاللىققا بولغان پوزىتسىيە. روھىي ھالىتى ساغلام بولغان ھەر بىر كىشى رېئاللىق ئۆزىگە ھەر قانداق كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئېلىپ كەلسىمۇ، ئۇنىڭغا ناقابىل تۇرالايدۇ.

△ مۇستەقىلچانلىقى. ھەر قانداق بىر پسىخىكىسى ساغلام كىشى ئىش بېجىرگەندە كاللا ئىشلىتىپ ئىش كۆرىدۇ، ئېغىر بېسىق بولىدۇ ھەمدە كۆپچىلىكنىڭ مۇۋاپىق پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ھالقىلىق پەيتتە قارار چىقىرالايدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ قارارى ئېلىپ كېلىدىغان ھەر قانداق ئاقىۋەتنى ئۈستىگە ئالالايدۇ.

△ باشقا بىرسىنى ياخشى كۆرۈشتىن ئۆزىگە خۇشاللىق تاپالايدۇ. ساغلام يېتىلگەن كىشى ئائىلى، بالىسى، ئۇرۇق - تۇغقىنى، دوستى قاتارلىق ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىلىرىدىن خۇشاللىق ۋە كۈچ - قۇۋۋەت تاپالايدۇ.

△ مۇۋاپىق ھالدا باشقىلارغا تايىنىش. يېتىلگەن كىشى باشقىلارغا كۆيۈنۈپلا قالماستىن، باشقىلارنىڭ كۆيۈنۈشىنىمۇ قوبۇل قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ.

△ ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى باسالايدۇ. پسىخىكىسى ساغلام بولغان كىشىمۇ بەزىدە ئاچچىقلىنىدۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنى تامامەن تۇتۇۋالالايدۇ ھەمدە ئاچچىقنى دەپ ئەقلىدىن ئازمايدۇ.

△ يىراقنى كۆرەلەيدۇ. كاللىسى سەگەك كىشى كەلگۈسىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك مەنپەئەت ئۈچۈن، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت گەرچە ئادەمنى ئۆزىگە تولىمۇ مەھلىيا قىلسىمۇ ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلەيدۇ.

△ دەم ئېلىشقا ماھىر كېلىدۇ. پسىخىكىسى ساغلام كىشى ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە دەم ئېلىش ۋە كۆڭۈل ئېچىشقىمۇ ماھىر كېلىدۇ.

△ ئۆز ئىشىغا سالماق پوزىتسىيە تۇتىدۇ. پسىخىكىسى ساغلام كىشى دائىم دېگۈدەك خىزمىتىنى ياخشى كۆرىدۇ، شاختىن - شاخقا قونۇشنى خالىمايدۇ.

△ باللارغا ئامراق كېلىدۇ ۋە ئۇلارغا كەڭ قول بولىدۇ. پسىخىكىسى ساغلام كىشى باللارنى ياخشى كۆرىدۇ، ھەمدە ۋاقىت چىقىرىپ باللارنىڭ ئالاھىدە تەلەپلىرىنى ئىگىلەشنى خالايدۇ.

△ باشقىلارغا كەڭ قورساق بولىدۇ ۋە ئۇلارنى كەچۈرەلەيدۇ. پسىخىكىسى ساغلام كىشى ئۈچۈن بۇ خىل كەڭ قورساقلىق ۋە كەچۈرۈم قىلىش ئادىتى ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ھەر خىل ئىرق، ھەر خىل دۆلەت تەۋەلىكى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزى بىلەن ئوخشىمايدىغان كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

△ ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىدۇ ۋە قىزىقىش - ھەۋەسنى كېڭەيتىپ بارىدۇ. بىلىم ئېلىش ۋە قىزىقىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش پسىخىكىسى ساغلام كىشىلەرنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرىدۇر.

(«ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى» دىن ئېلىندى)



ETHNIC UNITY

## يۈرەك كېسىلى بولغۇچىلارنىڭ

## كۆپ ئۇخلىشى ياخشى ئەمەس

6 199 - يىلى، ئامېرىكىلىق بىر يۈرەك كېسەللىكى مۇتەخەسسىسى 40 ياشتىن 80 ياشقىچە ئارىلىقتىكى يۈرەك كېسىلى بار 800 مىڭ ئادەم ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، ئارىدىن 2 يىل ئۆتكەندىن كېيىن تەھلىل قىلىش ئارقىلىق شۇنى بايقىغانكى، ھەر كۈنى كېچىسى 10 سائەت ئۇخلىغانلارنىڭ يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلۈش نىسبىتى ھەر كۈنى كېچىسى 7 سائەت ئۇخلىغانلارنىڭكىدىن 1 ھەسسە كۆپ بولغان؛ مېڭىسىگە قان چۈشۈشتىن ئۆلۈپ كەتكەنلەر نىسبىتىدىن 3.5 ھەسسە ئارتۇق بولغان. بۇنىڭدىن ئۇخلاشنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب ئۇخلاش ۋاقتىدا قان ئايلىنىش ئاستىلاپ، ئايلىنىدىغان قاننىڭ نوكچە بولۇپ ئۇيۇپ قېلىش خەۋپى بار ئىكەن.

(خالىدە ئەنۋەر تەييارلىدى)

## يۆتىلىش — يۈرەك كېسىلى بار كىشىلەرنىڭ

## ئۆزىنى قۇتقۇزۇشىدىكى ئەنگۈشتەر

ئۈنۈملۈك ھالدا يۆتىلىشتىن ھاسىل بولغان ئارتېرىيە بېسىمى سۈنئىي ئۇسۇلدا كۆكرەكنى بېسىش ئارقىلىق يۈرەكنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئارتېرىيە بېسىمىدىن بىر ھەسسە ئېشىپ چۈشىدۇ. شۇڭا، يۆتىلىش قان ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇپ، قان كەم بولغان يۈرەكنى خاسىيەتلىك دورىغا ئېرىشتۈرگەندەك بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، يۆتىلىش ھەرىكىتى ئىچكى ئەزالارنى قوزغاپ نېرۋىنى جانلاندۇرىدۇ.

بۇنداق بايقاش يۈرەك كېسىلى بار كىشىلەرگە ھەم ئاسان، ھەم ئۈنۈملۈك ھالدا ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۇسۇلىنى تېپىپ بەرگەن بولۇپ، كۆكۈل ئاللىقاچان بولغان، كۆكرەك سىقىلغاندا، ھەر 3 مىنۇت ئارىلىقتا بىر قېتىمدىن يۆتىلىپ بەرگەندە، ئۆزىنى قۇتقۇزۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

(خالىدە ئەنۋەر تەييارلىدى)

ETHNIC UNITY

## كرېسلودا ئۇزاق ئولتۇرۇش پايدىلىق ئەمەس

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، كرېسلو بەك يۇمشاق بولغاچقا، ئادەم بەدىنىنى غىدىقلاش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدىكەن، ئادەم مېڭىسىنى غىدىقلاش رولىنىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەمنىڭ تەپەككۇر قىلىش سەزگۈرلۈكى زەئىپلىشىپ، روھىي جەھەتتە چارچاش، جىسمانىي جەھەتتە ماغدۇرسىزلىنىش پەيدا بولۇپ، گەجگىسى ۋە بەللىرى تېلىپ ئاغرىپ، پۈتۈن ئەزايى قۇۋۋەتسىزلىنىپ، ھەزىم قىلىش ئورگانلىرى ئىقتىدارى قالايمىقانلىشىپ، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قالىدىكەن. ئىشخانا ياكى ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسى بەك تۆۋەن بولۇپ كەتكەندە، سۇنئىي خۇرۇم كرېسلودا ئۇزاق ئولتۇرغانلار ئولتۇرغۇچ سۆڭەك نېرۋىسى ئاغرىش ۋە گېمورروي قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدىكەن.

(ياسىن ھاۋازى — ت)

ئەينان لۇغەت: مۇئەللىم — ئىمتىھان ۋاقتىدا تۆت ئەتراپقا قارىيالايدىغان بىردىنبىر كىشى. (مەخمۇتجان مۇسا ت)

## ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

**سوئال:** مەن باشقىلارنى ئۆزۈمگە جەلپ قىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. شۇ ۋەجىدىن چىرايلىق ياسىنىپ تالا - تۈزگە چىقسام بەزى كىشىلەر ماڭا كەلسە - كەلمەس چاقچاق قىلىپ كۆڭلۈمنى رەنجىتىدۇ. ياسانماي چىقسام ھېچكىم ماڭا نەزەر- كۆزىنى سېلىپمۇ قويمايدۇ. ھۆرمەتلىك تەھرىر، مەن بەك زىددىيەتلىك ئەھۋالدا قالدىم، ماڭا ياردەم قىلغان بولسىڭىز.

— ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونىدىن بىر قىز

**جاۋاب:** ئوماق قىزچاق سىزنىڭ باشقىلارنى جەلپ قىلالىغۇدەك بۇنىڭدىن باشقا نەرسىڭىز يوقمۇ؟

**سوئال:** ھۆرمەتلىك تەھرىر، ئەر - خوتۇنلار ئۈرۈق- تۇغقان ھېسابلىنامدۇ؟

— يوپۇرغا ناھىيىسىدىن: غېنى مەخسۇت

**جاۋاب:** ئۇرۇق - تۇغقانلارنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ.

**سوئال:** مەن تەبىئەتتىكى جىمىكى جانلىق - مەخلۇقاتلارغا بەكلا قىزىقىمەن. شۇڭا ئارام كۈنلىرىنىڭ بەزىسىدە ھايۋانلار باغچىسىغا بېرىپ تۈرلۈك ھايۋانلارنىڭ غەلىتە ھەرىكەت - ئاۋازلىرىنى تاماشا قىلىپ تۇرىمەن. شۇ جەرياندا مەندە ھايۋانلارنىڭ مۇشۇنداق غەلىتە ھەرىكەتلىرىنى چۈشەنگۈم كېلىدىغان بىر خىل تۇي- پىكىر پەيدا بولۇپ قالدى. بىر كۈنى يولۋاس سولانغان قەپەز يېنىغا كەلسەم يولۋاس ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ غەلىتە ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، ئورنىدا جىم تۇرالمايلا قالدى. ئاڭلىسام تەھرىر بولغۇچىلارنى كىشىلەر زېرەك ئادەملەر دېيىشىدىكەن. ئۇنداق بولسا ھۆرمەتلىك تەھرىر ئەپەندى، يولۋاس ماڭا زادى نېمە دېمەكچى؟

— شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن: مىجىت ئابدۇرېشىت

**جاۋاب:** كېيىنكى قېتىم ئورمانلىقتا كۆرۈشەيلى دەيدۇ.

**سوئال:** تەھرىر دوستلار، مېنىڭچە بۇ جاھاندا ئەر كىشى بولماق ناھايىتى تەس ئىكەن. مەن 200 كوي مائاش ئالىدىغان چاغدا ئايالىم 2000 كويلۇق پەلتۇ كىيىمەن دەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئامالسىز بىر دانە پەلتۇ ئېلىپ بەرگەنىدىم. ھازىر مەن 2000 كوي مائاش ئالىمەن، ئايالىم بۇ قېتىم قۇندۇز تېرىسىدىن تىكىلگەن 20 مىڭ كويلۇق پەلتۇ ئالىمەن دەيدۇ. بىراق مەن ماڭا 20 مىڭ كوي مائاش بېرىدىغان خىزمەتنى نەدىن تاپارمەن؟

— ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: ئەلى ئابدۇسەمەت

**جاۋاب:** سىلەر ھەقىقەتەن خۇددى قوشقان بىر جۈپ قوشماقلار ئىكەنسىلەر، ئايالىڭىز سىزنىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلىشىڭىزگە تۈرتكە بولۇپتۇ، سىز ئايالىڭىزنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىپسىز. مېنىڭچە، سىلەر ھاللىق سەۋىيىگە يېتىپ بولۇپسىلەر. ھۆرمەتلىك دوستۇم، جەمئىيەت دەل مۇشۇ يوسۇندا تەرەققىي قىلىدۇ. ئەر بولۇش توغرىلىق ئۇنچىلىك ۋاي سېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى!

**سوئال:** مەن ژۇرنىلىڭلارنىڭ «بەت ئاستى چىمەنزارى»غا بېرىلگەن «ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا بىرنەچچە ئورۇنغا تەڭ ئەۋەتمەسلىك» توغرىسىدىكى باياناتىڭلارنى كۆرگەنىدىم. ئەمما بەزى ئاپتورلارنىڭ ئوخشاش بىر پارچە ئەسىرىنى سىلەرگىمۇ، باشقىلارغىمۇ تەڭ ئەۋەتىپ بىرنەچچە ئورۇندا ئېلان قىلدۇرغىنىنى بەزىدە چېلىقتۇرۇپ قالىمەن. سىزچە بۇ قانداق خىسلەت؟

— غۇلجا شەھىرىدىن: شىرئەلى ئابلىكىم

**جاۋاب:** شەرەپ بىلەن باشلىنىپ، نومۇس بىلەن ئاخىرلىشىدىغان خىسلەت.

**سوئال:** ھۆرمەتلىك تەھرىر، مەن ھەممە ئادەم

ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

ETHNIC UNITY

ماڭا قايىل بولغۇدەك ئادەم بولۇپ چىقسام دەيمەن، بۇ مۇمكىنمۇ؟

ــ شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن: ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

**جاۋاب:** بۇ ئىش سەل تەس بولسا كېرەك. چۈنكى دۇنيادا ياشاپ ئۆتكەن ئەڭ كاتتا، ئۇلۇغ ئادەملەرگىمۇ ھەممە ئادەم قايىل بولغان ئەمەس.

**«جاۋاب: بېرىلىڭ»گە جاۋابلار**

**سوئال:** كونىلاردا: «ئاشىق ئۆزىنى بىر كۈندە مىڭ قېتىم ئۆزەيدۇ، دەردمەن ئۆزىنى مىڭ كۈندە بىر قېتىم ئۆزەيدۇ» دەيدىغان ماقال ـ تەمسىل بار ئىكەن. مەن ئۆزۈمنى بىر كۈندە 3 ـ 2 قېتىمدەك ئۆزەيدىكەنمەن، ئۇنداقتا مەن «دەردمەن»مۇ ياكى «ئاشىق»مۇ؟

(1998 ـ يىللىق 4 ـ ساندا)

**جاۋاب:** قارىغاندا سىز يېتىلىۋاتقان ئاشىق ئوخشايسىز.

(مەكىت ناھىيىلىك مۇپەتتىش ئىدارىسىدىن: ئەنۋەر تۇرسۇن)

* * *

*غۇلجا ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىكى ئابلىكىم، دادىڭىز سىزنىڭ توي قىلماي يۈرگەنلىكىڭىزدىن قاتتىق ئاغرىنىپ سىزگە مۇنداق بىر كۇپلېت هەزىل شېئىر يېزىپ ئەۋەتىپتۇ. (تەھرىردىن)*

**سوئال:**

سەن مېنى كۈت دەيسەن، زورلاپ سەۋرىگە،
تەڭ ـ تۇشلار ئېرىشتى ھەتتا ئەۋرىگە،
بولالماي مەن «بوۋا» بىرەر نەۋرىگە،
«دادا» بوپ بارامدىم جىمجىت قەبرىگە؟!

**جاۋاب:**

كۆڭلۈڭنى بۇزمىغىن، چىدىغىن دادا،
كەلگۈسى قۇداڭدىن چىقتى بىر سادا:
توپاققا قوي قېتىپ باقساڭ سەن پادا،

## هەزىل سوئالغا هەزىل جاۋاب

## هەزىل سوئالغا هەزىل جاۋاب

بوۋىلىق بۇرچۇڭمۇ بولاركەن ئادا.

(سوئال قويۇپ جاۋاب بەرگۈچى: غۇلجا ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن ئابلىكىم غوپۇر)

**جاۋاب بېرىڭ**

**1. سوئال:** چوڭ شەھەرلەردە ئىچىملىك سۇ، يېقىلغۇ گاز قاتارلىقلار تۇرۇبا يولى ئارقىلىق ھەر بىر ئائىلىگىچە يەتكۈزۈلىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۇندا قاتارلىقلارمۇ تۇرۇبا يولى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىدىكەن. كېيىنچە ئۇن، ماي ۋە كۆكتاتلارمۇ تۇرۇبا يولى ئارقىلىق كېلىدىغان بولارمۇ؟

ــ قاغىلىق ناھىيە جايتېرەك يېزا سۇلتانئېرىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن: ئابلەت مۇھەممەت

**2. سوئال:** مەن توي قىلىش ئالدىدا تۇرغان بىر يىگىت ئىدىم، ئاڭلىسام كونىلاردا: «توي قىلدىڭ بالاغا قالدىڭ، توي قىلمىساڭ تالادا قالدىڭ» دېگەن بىر ماقال بارئىكەن. شۇڭا توي قىلاي دېسەم بالاغا قېلىشىمدىن، توي قىلماي دېسەم تالادا قېلىشىمدىن بەكلا ئەنسىرەۋاتىمەن. بۇنىڭ تالادىمۇ قالمايدىغان، بالاغىمۇ قالمايدىغان چارىسى يوقمۇ؟

ــ پەيزاۋات ناھىيە باش مەيدان 8 ـ لېيەندىن: نەزەرجان ياقۇپ

**3. سوئال:** هازىر ئامېرىكىدا ئاي شارىغا چىقىپ شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تىزىملىتىۋاتقانلار بارغانسېرى كۆپىيىۋېتىپتۇ. مېنىڭمۇ ئاي شارىغا بېرىپ شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈش ئويۇم بارئىدى، ئاشۇنداق پۇرسەت ماڭىمۇ نېسىپ بولارمۇ؟

ــ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن: ئەمەتجان ئىسلام

*(1998 ـ يىللىق 4 ـ ساندىكى «ئەڭ ياخشى سوئال»، «ئەڭ ياخشى جاۋاب» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ مۇكاپات بۇيۇمىنى «بوغدا» ئامبۇلاتورىيىسى تەمىنلەيدۇ)*

ETHNIC UNITY

## كۈلكە خۇرۇجلىرى

### خاتىرجەم بولۇڭ

تېلېفون جىرىڭلىدى.

— سىز ئولتۇرۇۋېرىڭ، ئۆزۈم ئالاي، — دېدى ئايال. ئۇ ھايال ئۆتمەي قايتىپ كەلدى.

— كىمدىن كەپتۇ؟ — دەپ سورىدى ئەر.

— ئېرىمدىن، — دەپ جاۋاب بەردى ئايال.

— ئەڭ ياخشىسى مەن ھازىرلا كېتەي — دېدى ئەر، — ئۇ قەيەردە ئىكەن؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ سىز بىلەن قارتا ئويناۋاتىمەن، دەيدۇ.

### سۆز تاللاش

بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كەلسەم ئايالىم يېرىم ياشلىق قىزىمنى تەۋرەتكەچ «دادا،دادا» دېگەن سۆزنى قايتا - قايتا تەكرارلاۋېتىپتۇ. ئايالىمنىڭ بالامغا تۇنجى بولۇپ «دادا» دېيىشنى ئۆگىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بۆلەكچىلا سۆيۈنۈپ كەتتى.

بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن، ئايالىم ئىككىمىز بالىنىڭ «دادا، دادا» دەپ يىغلىشىدىن ئويغىنىپ كەتتۇق. ئايالىم ماڭا:

— سۆيۈملۈكۈم، بالىمىز سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى - دە، ئۆرۈلۈپلا ئۇخلاپ قالدى.

### بۇرۇنقى ۋە كەلگۈسىدىكى ئەر

ئا: مېنىڭ خوتۇنۇم دائىم بۇرۇنقى ئېرىنى تىلغا ئېلىپ، بەكمۇ ئاچچىقىمنى كەلتۈرىدۇ.

ب: سىز ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەنسىز، مېنىڭ خوتۇنۇم ھەمىشە كەلگۈسىدىكى ئېرىنى تىلغا ئالىدۇ.

### باش ئاغرىش

بىر ئايال دوختۇرغا كۆرۈنۈپ:

— بېشىم ئاغرىيدۇ، — دېگەنىكەن، دوختۇر ئۇنىڭغا:

— ئەرگە تېگىڭ! — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن دوختۇر تۇيۇقسىز بۇ ئايالغا ئۇچراپ قاپتۇ.

— ھە، قانداق، ئەرگە تەگدىڭىزمۇ؟

— رەھمەت، تەگدىم.

— بېشىڭىز ھازىر ئاغرىمىدۇ؟

— ياق، ئاغرىمايدۇ، لېكىن ئېرىمنىڭ بېشى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى.

### مىڭ قېتىم سۆيۈش

كونىن ئەپەندى توي قىلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا سودا ئىشلىرى بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ، مېڭىش ئالدىدا خوتۇنىغا: ھەر ھەپتىدە تۇرمۇش راسخوتىڭىزنى ئەۋەتىپ تۇرىمەن، دەپتۇ. ئارىدىن ئۈچ ھەپتە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كونىن خانىم ئېرىدىن بىر تىيىنمۇ تاپشۇرۇپ ئالالماي ئېرىگە: «پۇلنى تېزرەك ئەۋەتىڭ، ئۆي ئىگىسى ئۆي ئىجارىسىنى سوئىلەپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ تېلېگرامما يوللاپتۇ.

ئىككى كۈندىن كېيىن كونىن خانىم ئېرىدىن: «پۇلنى يېقىندا ئەۋەتىمەن، ئىشقىڭىزدا لال مەن، سىزنى مىڭ قېتىم سۆيىمەن» دېگەن مەزمۇندىكى بىر پارچە

كۈلكە خۇرۇجلىرى

ETHNIC UNITY

شەيتان لۇغەت: يول قويۇش — يېڭىشكە كۆزى يەتمىگەندە، ئۆزىنى قوغداشتىكى ئۈنۈملۈك چارە. (ھامىت غوجاشىم. ت)

تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئاپتۇ.

ـشاردىن يەنە بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كونىسى ئەپەندى يەنىلا پۇل ئەۋەتمەپتۇ، لېكىن خوتۇنىدىن مۇنداق مەزمۇندىكى بىر پارچە تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئاپتۇ:

«سۆيۈملۈكۈم، ئەمدى ئالدىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، سىز ماڭا ۋەدە قىلغان مىڭ قېتىملىق سۆيۈش پۇلىستىنى ئۆي ئىگىسىگە بەرگەنىدىم ئۇ ئۆي ئىجارىسىنى كەچۈرۈم قىلىۋەتتى».

## دەل شۇنداق

بوۋاي: دوختۇر، سىز ئۆتكەندە ئادەم ياشانغانسېرى تۇغۇت ئىقتىدارى يوقىلىدۇ دېگەن ئىدىڭىز، مەن 93 ياشتا 25 ياشلىق بىر قىزغا ئۆيلىنىۋىدىم، مانا ئەمدى ئۇ ئېغىر ئاياغ بولدى، بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

دوختۇر: ئەپەندى، سىزگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي: بىر كۈنى بىر يىگىت شىر ئوۋلىماقچى بولۇپ كۈنلۈكنى ئوۋ مىلتىقى دەپ خاتا ئېلىپ قاپتۇ، چۈنكى ئۇ يېرىم كېچىدىكى تۈن قاراڭغۇسى ئىكەن. يىگىت تالا سۈزۈلەي دېگەندە ئورمانلىقتا يېتىپ كەپتۇ، دەل شۇ چاغدا بىر شىر ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەپتۇ، يىگىت كۈنلۈكنى مىلتىق، دەپ قاراپ بىر شىلتىغان ئىكەن، ھېلىقى شىر شۇ ھامان يىقىلىپتۇ!

بوۋاي: نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن؟ چوقۇم باشقا بىر ئوۋچى ئۇ شىرنى ئاتقان گەپ!.

دوختۇر: توغرا، دەل شۇنداق!

## تۇغۇلغان كۈندىكى غەمخورلۇق

گورچا خوتۇنىنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا زادىلا

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

قارىشىپ بەرمەيدىكەن. ئۇ خوتۇنىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىگەندە، تۇيۇقسىز ھاياجانلىنىپ كېتىپ، خوتۇنىغا:

— بۈگۈن قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇپ يۈرمىگىن، — دەپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇنى قىن-قىنىغا پاتمىغان ھالدا:

— ئەجەپ ئوبدان بولدى، ياردىمىڭىزگە رەھمەت! — دەپتۇ.

— بۈگۈن قويۇپ تۇرۇپ ئەتە يۇيۇۋالارسەن، — دەپتۇ ئېرى جاۋابەن.

## تىزگىنلەش ۋە كۈنلۈك

مېكسىكىلىق بىر ئايال ئۇنىنچى بالىسىنى يەڭگىگەندىن كېيىن، تۇغۇت دوختۇرى ئۇنىڭ ئېرىگە تېلېفون بېرىپتۇ:

— ئەپەندىم، ئەمدى تۇغۇتنى تىزگىنلەشنى ئويلاشسىڭىز بولاتتى.

— دوختۇر، — دەپتۇ ئەر سەل خاپا بولغاندەك، — بۇ بالىنى خۇدا بىزگە ئاتا قىلغان تۇرسا.

—« دەرھەقىقەت، — دەپتۇ دوختۇر — خۇدا بىزگە يامغۇرنىمۇ ئاتا قىلغان، شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا كۈنلۈك كۆتۈرۈۋالىمىز.

## كۈندۈزى جۈرئەت قىلالماسلىق

ئايالى: سىز تۈنۈگۈن كېچە چۈشىڭىزدە نېمە دېگەنلىكىڭىزنى بىلەمسىز؟

ئېرى: بىلمەيمەن، نېمە دېدىم؟

ئايالى: سىز مېنى تىللىغاندەك قىلدىڭىز.

ئېرى: بۇ خىل ئېھتىماللىقمۇ يوق ئەمەس. چۈنكى مەن سىزنى كۈندۈزى تىللاشقا جۈرئەت قىلالمايمەن - دە.

*بۇ سەھىپىنى خەمىت نېغمەت تەييارلىدى*

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

# تەكلىماكاننىڭ چىتىدىن خەت

*تەھرىردىن: بۇ خەتنى تەكلىماكاننىڭ چېتىگە جايلاشقان نىيە ناھىيىسىدىكى بىر ئىختىيارىي مۇخبىر يازغان. ئۇنىڭدا نە داغدۇغىلىق سۆزلەرمۇ، نە سەلتەنەتلىك مەنزىرىلەرمۇ يوق، پەقەت بوران-قۇم بىلەن كۈرەش قىلىپ جاۋا ياقىدىغان دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ژۇرنىلىمىزغا بولغان چوشەنچىسى ۋە پوزىتسىيىسى بىرقانچە جەھەتتىن ئاددىيلا تونۇشتۇرۇلغان. تەھرىرمۇ ھەم ژۇرنالغا، ھەم ئاپتورغا مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن بۇ خەتنى ھېچقانداق بېزىمەي ئەينەن بېرىشكە تىرىشتى. بۇ خەتنى ئوقۇپ چىقىشقا ئەرزىيدۇ.*

**سالام سىزگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى:**

مەن ئىختىيارىي مۇخبىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىياسىي، ئىجتىمائىي بىلىمگە مول، بىلىم خەزىنىسى ــ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا ۋە ژۇرنالنىڭ ياخشى چىقىرىلىشى ئۈچۈن قان- تەر سىڭدۈرۈپ ئىشلەۋاتقان مۇھەررىر ـ تەھرىرلەرگە ئۆزۈمنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ھۆرمەت، تەشەككۈرىنى بىلدۈرمەكچىمەن:

مەن 1995- يىل 9- ئايدا نىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان تالقانلىق كەنتىگە خىزمەتكە بارغانىدىم. شۇ جايدىكى بىر نەپەر چارۋىچى پارتىيە ئەزاسىنىڭ ياخشى ئىش- پائالىيىتى توغرىسىدا خەۋەر يېزىپ، ئورنىغاندىن كۆچۈرۈپ ئولتۇراتتىم. شۇ ۋاقىتتاكەنت ئىشخانىسىغا مەتنۇرى ئاخۇن ئىسىملىك (ئانچە ـ مۇنچە تونۇشىمىز) بىر چارۋىچى كىرىپ كەلدى. ئۇ يېنىمغا كېلىپ: «نېمە يېزىپ كەتتىڭىز كادىر؟» دەپ سورىدى. مەن خەۋەرنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچىلا ئېيتىپ بەردىم. ئۇ خەۋەرنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى قولىغا ئېلىپ ئوقىدى ۋە ماختاپ كەتتى، ۋە ئۇكام بۇ ماقالىنى مىللەتلەر ژۇرنىلىغا ئەۋەتىڭ دېدى. (ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ئىدى). مەن ئۇنىڭ بۇ گېپىگە قىزىقىپ قالدىم:

ــ سىز خېلى ئوبدان ساۋاتلىقكەنسىزغۇ، «مىللەتلەر» ژۇرنىلىنى كۆرۈپ تۇرامسىز؟ ــ دەپ سورىدىم.

ــ ھەئە، مەن «مىللەتلەر» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى. ئۇ ژۇرنال بەك ياخشى. بەك ياخشى ماقالىلەرنى نەشىر قىلىدۇ. مەن ئۇ ژۇرنالنى بەكلا سۆيۈپ ئوقۇيمەن، شۇڭىنىسى، بۇ ژۇرنال بەك ئۆزۈندا بىر كېلىدۇ. بۇ ماقالىنى شۇ ژۇرنالغا ئەۋەتىڭە ئۇكام! ــ دېدى.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن ئۇ ئادەم توغرىسىدا ئويلىنىپ قالدىم. 40 ياشتىن ئاشقان بۇ كىشىنىڭ تۇرقى: ساقال- بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، قاش ۋە ساقاللىرىغا توپا- چاڭ قونغان، جىرايىدىن ھازىرلا قوي باققان يەردىن كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى توغرىسىدا سۆزلەۋېتىپ كۆزلىرىدىن ھاياجان چاقناپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىنىمدە ئۇنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا نەقەدەر تەشنا ئىكەنلىكى مانامەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

11ـ ئاينىڭ باشلىرى مەن نىيە ناھىيە مەركىزىدىن 120 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان يۇلغۇنبۇلاق يايلىقىغا خىزمەتكە باردىم. يۇلغۇنبۇلاق يايلىقى چوگراق دائىرىدىكى چارۋىچىلىق كەنتى بولۇپ، كەنت پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى بىلەن كۆرۈشۈش مەقسىتىدە ئۇنىڭ





شەيتان لۇغەت: خىمىيەۋى ئوغۇت ــ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئۆملىرنى قىسقارتىدىغان دورا. (ئابلىمىت ساۋۇت.ت)

ئىشخانىسىغا كىردىم، ئۇنىڭ ئىش ئۈستىلىدە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق 5 ـ سانىدىن بىر دۆۋە تۇراتتى. مەن گەپ ئارىلىقىدا سېكرىتاردىن:

ــ ئۈستىلىڭىزدىكى ژۇرناللار بىر خىلمۇ؟ ــ دەپ سورىدىم. ئۇ:

ــ كەنتىمىزدە 23 ئادەم بۇ ژۇرنالغا مۇشتەرى. تۈنۈگۈن يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ئەۋەتىپتىكەن. بۈگۈن ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىمىز، ــ دېدى. ئۇ يەنە، كەنتىكىلەرنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى بەكلا ياقتۇرىدىغانلىقىنى، كېلەر يىلى مۇشتەرى بولغۇچىلار كۆپىيىدىغانلىقىنى، قېرىلار، ياشلار ۋە ئاياللار ھەممىسى بۇ ژۇرنالغا بەك قىزىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. راست دېگەندەكلا شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بىرنەچچە چارۋىچى قىز ـ چوكان ۋە ئەرلەرنىڭ قولىدا «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى كۆردۈم. ئۇلار شۇنداق بېرىلىپ ئوقۇپ كېتىپتۇ، بىر ـ بىرى بىلەن مۇزاكىرىلەشكەچ، ژۇرنالنىڭ سۈرەتلىك بەتلىرى ۋە ماقالە ماۋزۇلىرىنى شۇنداق تېپىلىپ ئوقۇۋېتىشكى، ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى.

ھۆرمەتلىك مۇھەررىر، تەھرىرلەر:

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار ۋە سودا ـ سانائەتچىلەرنىلا جەلپ قىلىپ قالماستىن، ئۆۋەندىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىمۇ جەلپ قىلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ژۇرنالنىڭ «مىللەت ۋە ئاپتونوم جايلار»، «مىللەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت»، «مىللىتىم ھەققىدە پارالى»، «بىلىم دۇردانىلىرى»، «ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب» قاتارلىق سەھىپىلىرى ئامما ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۆزۈممۇ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى بەكلا ياقتۇرۇپ ئوقۇيتتىم، شۇ چارۋىچىلارنىڭ بۇ ژۇرنالغا ئىنتىلىشى مېنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. بۇ بىر تەرەپتىن چارۋىچىلىرىمىزنىڭ ژۇرنالغا قىزىقىشى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەرىپەتكە، مەدەنىيەتكە ئىنتىلىۋاتقانلىقىنىڭ روشەن ئىپادىسى. بۇ كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان زور ئىش. شۇڭا «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىدىن ئىبارەت بۇ بىلىم بۇلىقىنىڭ تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ كۆپ «شەربەت كەۋسىرى» ئارقىلىق خەلقىمىزگە زور ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى ئوزۇق ئاتا قىلىشىڭلارغا تىلەكداشمەن!

ھۆرمەت بىلەن:

نىيە ناھىيە يىيىق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن ئادىلجان رەجەپ

## كىچىككىنە تەسراتىم...

تۇرسۇنجان تەيپ

مەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق 1 ـ سانىنى ئوقۇپ، مۇشۇنداقمۇ ئوبدان ژۇرنالنىڭ ئۆز ئانا تىلىمىزدا چىقىدىغانلىقىدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم، شۇنىڭ بىلەن ۋۇجۇدۇمدا بۇ ژۇرنالغا تەبىئىي ئىشتىياق ۋە قىزىقىش ھېسسىياتى تۇغۇلدى. بۇ ژۇرنالنىڭ ئادەمنى مەپتۇن قىلغۇچى سەھىپىلىرى مېنى گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈلباغقا كىرىپ قالغاندەك كەيپىياتقا كەلتۈردى، مەنىۋى ئوزۇق بولىدىغان ياقۇتلۇق، مەرۋايىت سۆزلەر يۈرىكىمنى يايرىتىۋەتتى.

بۇ سان ژۇرنالدىكى پەزىلەت ئىسرائىل ھەدىنىڭ «سەبىيلەر نېمە دەيدۇ؟» دېگەن ماقالىسى مەزمۇنىنىڭ ئەمەلىيلىكى، تىلىنىڭ جانلىقلىقى، پىكرىنىڭ ئاممىباپلىقى بىلەن مېنى ئۆزىگە تارتىپلا ئالدى.

«بىز ئالتۇن ئەسەبىيلىكى بىلەن بەيگىگە چۈشمەي، مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان بىرەر ئىشتا رىقابەتلەشكەن بولساق قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە؟» دېگەن قۇرلار راستىنلا ھازىرقى ئۇيغۇر ئاياللىرىدىكى مەنمەنچىلىك، ھاكاۋۇرلۇق ئىللەتلىرىنىڭ يامراپ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى جانلىق، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

ئېسىمدە قېلىشىچە، 2 ـ 3 يىل ئىلگىرى سىنىپتىكى باللاردىن تېشى يوق بىر ژۇرنالنى ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇغانىدىم. شۇ چاغدا بۇ ژۇرنالغا تازا دىققەت قىلمىدىممۇ قانداق، ئۇنىڭ قايسى ژۇرنال ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ ھەممە قىسمىلىرىنى ئوقۇپ چىققانىدىم. باشقا خېلى كۆپ ژۇرناللارنى ئوقۇپ چىقتىم، لېكىن بۇ ژۇرناللارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ سەھىپىلىرى مەن ئوقۇغان ھېلىقى ژۇرنالغا ھەرگىز ئوخشاش چىقمىدى. ئۇ ژۇرنالنىڭ مېنى قىزىقتۇرغان جايلىرى «ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب»، «كۈلكە خۇرۇچلىرى»، «جەۋھەرلەردىن تەرمىلەر» ئىدى.

1998 ـ يىلى 1 ـ سان ژۇرنالنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بۇرۇن ئوقۇغان ژۇرنالنىڭ يەنە بىر قېتىم قولۇمغا چۈشكەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ ئۆز كۆزۈمگە ئۆزۈم ئىشەنمەي، سىرتىغا قارىسام «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ئىكەن. مەن ئۆزۈمدىن بۇ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇش ئارزۇسىدا بولغان، ئەمدى بۇ داقى سان ژۇرنالغا خەتلىنىپ «مۇشتەرى» بولۇپ، بۇ ژۇرنالنىڭ ھەر خىل سەھىپىلىرىدىكى سەر خىل مەزمۇنلاردىن ھۇزۇرلىنىش قارارىغا كەلدىم.

(ئاپتور: قەشقەر سۇ ئېلېكتىر مەكتىپى 1995 ـ يىللىق سۇ باشقۇرۇش سىنىپىدا)

ETHNIC UNITY

## سۆيگۈ چاچقۇسى

(شېئىر)

### نامانجان تۇرسۇن (شىجائەت)

(بۇ قىسقا شېئىرىمنى مول، رەڭدار سەھىپىلىك، چەكسىز تەشەككۇر ـ ھۆرمەتكە سازاۋەر جەلپكار ژۇرنال ـــ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»نىڭ 10 يىللىق تويىغا سۇنىمەن)

تاپتى تەشنالىق سېنىڭدىن روھىيەت چاڭقاقلىقىم،
تاپتى ئاشنالىق سېنىڭدىن بۇ كۆڭۈل ئامراقلىقىم.

ھەر بېتىڭدىن تۆكۈلەر دۇردانە، ئوتلۇق سەترىلەر،
گاھى ئاسمان، گاھى ئوكيان، گاھى سەن كەڭ يايلىقىم.

دىلغا زوق-شوق يېقىشىڭ ـــ ئالمىچە ئوتتا بېقىشىڭ،
سەن «جاھاننەما» ماڭا، سەن بىباھا قۇت ـ بايلىقىم.

سەن قاچان جانان ماڭا، ۋىسلىڭ بۈيۈك ئارمان ماڭا،
بولدى چوڭ پەرمان ماڭا، سەندىن ئوزۇق ئالماقلىقىم.

سەن يۈلەك پىر-پاسىبان، ياندىڭ تونۇمدە ھەرقاچان،
دەردكە دەرمان بىرجاھان، قاچتى شۇڭا بەڭۋاشلىقىم.

سۆيدى نۇر قەلب بېتىنى، بىلدىم بىلىم ھېكمىتىنى،
ھەم يېتىلدى خىسلىتىم ـــ تەمكىنلىكىم، سالماقلىقىم.

سەندە يۈرەك رىشتى بار، مىڭ بىر جانانىڭ ئىشقى بار،
ۋىسلىڭ روھىمنىڭ لەززىتى، پۈتمەس ساڭا مۇشتاقلىقىم.



(ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە ئىشلەيدۇ)

## ئىككى كېپىنەك

(مەسەل)

### ئابدۇجېلىل تۇرسۇن

چىپار كېپىنەك بىلەن ئاق كېپىنەك يېقىن دوستلاردىن ئىكەن. باھار پەسلىنىڭ بىر ئەتىگىنى ئۇلار بىللە سەيلىگە چىقىپ، چىرايلىق ئېچىلغان بىر گۈلگە تەڭلا قونماقچى بوپتۇ.

ئىككىيلەن تەڭ قونۇپ قالسا گۈل شىرنىسىنى بىر چاغدىلا ئىچەلمەيدىغانلىقلىرىنى پەملىگەن چىپار كېپىنەك ئاق كېپىنەككە دەپتۇ:

ـــ دوستۇم ئاق قانات، مەن ئاۋۋال قونۇپ شىرنىدىن ئېتىپ باققاندىن كېيىن سەن ئېتىسالڭ.

ـــ ياق، مەن بالدۇر ئېتىۋالاي، قارا، ئاغزىمغا شۆلگەي پەيدا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ـــ دەپتۇ ئاق كېپىنەك نارازى بولۇپ.

ئۇلار دە-تالاش قىلىشىۋاتقاندا، قاياقتىندۇر بىر سېرىق ھەرە غوڭۇلداپ ئۇچۇپ كەلگەن پېتى ھەر ئىككىسىنى قوغلىۋېتىپ، گۈل شىرنىسىنى مەززە قىلىپ پاك-پاكىز شۈمۈرۈۋاپتۇ.

بېيت:
كېلىشىپ قىلمىسا دوستلار ئىشنى ،
ئۆزگىگە تارتقۇزۇپ قويار ئېشنى؛
دوستلۇقتىن مەنپەئەت ئەلا بولمىسۇن،
پۇشايمان، ھەسرەتكە كۆكسۈڭ تولمىسۇن.



(ئاپتور: غۇلجا شەھەرلىك كۆكتات شىركىتىدە)



شەيتان لۇغەت: مۇسابىقە مەيدانى ـــ باتۇرلۇق، چەبدەسلىك، گۈرۈھۋازلىق، يۇرتۋازلىق، چىدىماسلىق توپلاشقان يەر. (قابىلىز ساقى. ت)

## بىلىم بېغىدا بىباھا باغۋەنلەر بار

(«ب» ھەرپى بىلەن باشلانغان سۆز ئويۇنى)

### يۇنۇسجان ئامەت

بىزنىڭ بىلىم بېغىمىز بىزگە بىباھا بىر بۇلاقتۇر. بۇ بۇلاق بولمىسا بىزنىڭ بېيىشىمىز بولمايدۇ، بۇ بۇلاقنىڭ بىباھا باغۋەنلىرىمىز بولمىغاندا، بىزنىڭ بىلىمنى بىلىشىمىزمۇ بولمايدۇ.

بىلىم بېغىدىكى بىباھا باغۋەنلىرىمىز بېيىشىمىزغا باش بولىدىغان، باياۋانلارنىمۇ بىلىمگە بويسۇندۇرۇپ باغۇ بوستانلارنىڭ بىنا بولۇشىنى بەلگىلەيدىغانلاردۇر. بۈگۈن بۇ باغۋەنلەر بىزلەرگە بىلىم بىلدۈرۈپ، بىپايان باغۇ بوستانلارنىڭ بىنا بولۇشىنى، بىزنىڭ بۈۋىلىرىمىز بەھرىمەن بولمىغان بۈگۈنكىدەك بەختنى بەھۇزۇر بەھرىمەن بولۇشىمىزنى بەلگىلىمەكتە. بىز بالىلار بىزگە بۇنداق بەختنى بەرگەن باغۋەنلىرىمىزگە بارىكاللا بىلدۈرۈپ، بەگۋاشلىق، بوشاڭلىق باكتېرىيىلىرىگە بەرھەم بەرگۈچىلەردىن بولايلى! بارلىقىمىزنى بىلىمگە، بۇرادەرلىرىمىزنىڭ بەختىگە بېغىشلاپ، بىلىم بۇلىقىمىزنى بۇلغىماقچى بولغان، بەخت بوستانىمىزنى بۇزماقچى بولغان بالاخور، بۇزغۇنچىلارنى باتۇرلارچە باسقۇچىلاردىن بولايلى.

بىزگە بىلىم بەرگەن بىباھا باغۋەنلىرىمىزگە بارىكاللا بىلدۈرۈپ باغۋەنلىرىمىزنىڭ بايلىقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشنىلا بىلمەستىن، بەلكى بىزمۇ باللىرىمىزغا بايلىق بېرەلەيدىغان، بىلىملىك، باتۇر باغۋەنلەردىن بولايلى؛ بىئەدەپ، بىشەم، بىغەرەز، بىغەم، بېخىل، بىخۇد، بىزەڭلەردىن بولماي، بېكىنمىچىلىكتىن بوشىنىپ، بىرلىك، باراۋەرلىك باھادىرلىرىدىن بولايلى.

بىزدىنمۇ، بىزنىڭ بۇرادەرلىرىمىزدىنمۇ، بىزدىن باشقىلاردىنمۇ بىزنىڭ بىلىم بۇلىقىمىز ـــ بەخت بوستانىمىزغا، بىزگە بىلىم بەرگۈچى بىباھا باغۋەنلەرگە بىۋاپالىق، بىھۆرمەتلىك بولمىغاي.

(ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە سىتلە يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە)

## بوغۇنلار بىلىملىك بولسۇن

(«ب» بىلەن يۇرۇشكەن سۆز ئويۇنى)

### ئەمەتجان ساۋۇت

بىلىم بۇلاقتۇر، بىلىم بىباھادۇر.

بىز بىلىمىز: باھادىرلارمۇ بىلىملىك بولغاچقا باھادىر بولالىغان، بەھەيۋەت بىنالارمۇ بىلىم بىلەن بەھەيۋەت بولغان؛ بىلىم بىلەن باياۋانلاردىن باغ بىنا بولغان، بىلىم بىلەن بىز بايلىق بۇلاقلىرىنى بىلگەن، بۇ بۇلاقلاردىن بەھرىلەنگەنمىز. بۈگۈندە بىز بىپايان بوشلۇقتا بىلىملىك بولغىنىمىز بىلەنلا باشقىلارغا بىلىنمەكتىمىز. بىزنىڭ بېھىشتەك بۈگۈنىمىزمۇ بىلىم بىلەن بولغان.

بۇنىڭدىن بۇرۇنراق بىز بىلىمدىن بەھرىلىنەلمىگەچكە بەخت، باياشادلىق بىزگە باقمىغانىدى. بىلىمسىزلىكىمىزدىن بىراۋلارغا بوزەك بولغانىدۇق. باغلار بۇزۇلۇپ، بۇلبۇللار بىناۋا بولغانىدى. بىزنى بوغۇۋاتقان بوغقۇچلارنى بىباھا بىلىپ، باغرىمىزغا باسقانىدۇق... بەسكى، بىلىمسىزلىكىمىز بېشىمىزغا بىر بالا بولغانىدى!

بۈگۈندە بىز بەختىيارمىز. بىھېساب بارلىقلار بىزگە باقماقتا. بىلىملىكلەر بىباھا بولۇپ، بىلىم بىلگەنلەر بالدۇر بېيىماقتا. بىلىملىكلەر بەخت باغىستانىنىڭ باراۋەتلىرىدە بەھۇزۇر بولماقتا.

بوغۇنلار بىزنىڭ بارلىقىمىزنىڭ بىشارىتى. بوغۇنلارغا بىلىم باغلىرى بىتاقەت بولماقتا، باغۋەنلەر بىتاقەت بولماقتا!

بۇرادەرلەر، بىزنىڭ بوغۇنلىرىمىز بىكىرەك بولماي، بىلىملىك بولسۇن؛ بىھايا بولماي، بىباھا بولسۇن، بىلىمدە بۈيۈكلەرنىڭ باھادىرلىرىدىن بولسۇن! بىز بوغۇنلارنى بىلىمدىن بەھرىلەندۈرەيلى. بىزنىڭ بارلىقىمىز بوغۇنلارغا بولسۇن!

(ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە بارىن يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەيدۇ)

ETHNIC UNITY

# 1998 ـ يىللىق مۇھىم ئەسەرلەر مۇندەرىجىسى

## ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە ماقالىلىرى


مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21 ـ ئەسىرگە ئىشەنچ بىلەن ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى ......... ئىسمائىل ئەھمەد (1.4)

ئىسمائىل ئەھمەد جەنۇبىي شىنجاڭدا ...... ئىدرىس بارات (1.13)

مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىدا يېڭى شانلىق نەتىجىلەرنى قايتا نامايان قىلايلى .............. لى شياۋلىن (1.16)

ئوتتۇرا ـ غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات سالمىقىنى قانداق ئاشۇرۇش كېرەك؟ ................................................ (2.4)

1997 ـ يىلىدىكى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرىگە ئائىت 10 چوڭ خەۋەر .............................................. (2.5)

شۇ قەدەر سۆزۈك سۈيى كەلگەن ئۇنىڭ قايدىن دېمەك، بار ئىكەنغۇ باشتا ئەسلى چەشمە بۇلاق، ئىزدىسەڭ.............. لۇشېڭ (2.8)

مۇقىملىقنى قوغداش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش ـــ ئەسىر ئالمىشىدىغان پەيتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تېما... ..................................................... (3.4)

مىللەت تەسراتى ـــ باش شۇجى جياڭ زېمىن: «شىزاڭ ـــ مەن دائىم غېمىنى يەيدىغان جاي» ......................... (3.8)

مىللىتىمنى سۆيىمەن، جۇڭخۇا ئېلىمنى سۆيىمەن.............. ................... جاڭ جېڭگۇڭ، چېن شېڭ (3.9)

ئۆلكە باشلىقى لى جيانگنىڭ دوكتورلار بىلەن سۆھبىتى ........ .......................... لوجيې (3.10)

مىللەتلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى جۇغلاپ، ئەسىرلىك ئۇلۇغۋار ئىشلىرىمىزنى گۈللەندۈرەيلى............................. (3.11)

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى .......... ........................................ ئىسمائىل ئەھمەد (4.4)

مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى مۇدىرلىرىنىڭ مەملىكەتلىك يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئاچقان سۆزلەنگەن سۆز ...... لى دېجۇ (4.10)

پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرەيلى ... ......................................... چېن خۇڭ (5.6)


## ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس بەت


«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى مۇشتەرىلەرنىڭ سىرداش دوستىغا ئايلانماقتا ............. ئەمەتجان مۇھەممەت پىدائى (2.34)

كۆردۈم (شېئىر) ...................... ئابدۇللا ياقۇپ (2.35)

دېھقانىنىڭ تەبرىك سالىمى ............ ئەكبەر توختى (2.59)

ئىجمۇ گۈللە، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى! ............. .................................... تۇرغۇنجان ئابلا ئىبرىمى (2.46)

ئۆمۈر مۇساپەمدىكى سىردىشىم ـــ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ............................................ ئابلىمىت ئاقىولى (3.33)

تەبرىك ۋە ئۈمىد ................. ئابلەت ئابدۇرېشىت (5.4)

ساز ........... ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم (5 ـ سان مۇقاۋا 3 ـ بەت)

يول .......................... ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (5.26)

بىلىم بۇلىقى (شېئىر)............. ئابدۇكېرىم ئۆمەر (5.29)

10 يىللىق ھاسىلات ......... ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (5.25)





## مىللەتلەر مۇنبىرى


جۇڭگونىڭ مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى ........ جۇڭ تىڭشيۇڭ، چېن دەن (3.20)

گېنېرال شياۋخۇا: ئاز سانلىق مىللەتلەر ماڭا گۈزەللىك بەخش ئەتتى............. ................................ شى يى (4.36)


## مىللەتلەر خىزمىتىدىن ئۇچۇرلار


ئاخبارات ـ نەشرىيات مەھكىمىسى مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى 100 خىل ئۇقتىلىق قەرەللىك ژۇرنالنى باھالاپ چىقتى، ژۇرنىلىمىز شۇ قاتاردىن ئورۇن ئالدى .......... (2.21)


## ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات


بوز يەر ئېچىش قىزغىنلىقىدا سوغۇق قان





ETHNIC UNITY

بولۇش كېرەك ........................ جۇڭ ۋېن (1.22)
شىنجاڭنىڭ چېگرا سودىسى ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت ئېلىپ كەلمەكتە.......................... جاڭ شىيەنگو، دۇەن جېيۇ (2.15)
ئىچكى موڭغۇلدىكى ئۈچ ئاز سانلىق مىللەتنىڭ يېڭى ھاياتى ... .............................خې تاۋ، ۋۇشۇگۇاڭ (2.20)
تارىم دەرياسى پەرياد قىلماقتا ...... لى بىن، زېڭ جاۋشيا (3.14)
مانا مەغرۇر ئاتلىنىۋاتقان بىز بىشەدىن دەسسەپ ئۆتۈپ — مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ پارتىيە 14ـقۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات نەتىجىلىرى ھەققىدە ئومۇمىي مەلۇمات ........... (4.18)
بىلىم ئىگىلىكى ۋە جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ............................................جېڭ چيەن (5.16)
ياخۇ (yahoo) ھەققىدە ھېكايە ۋە باشقىلار.............. (5.20)

## مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرلىرىنىڭ سەلتەنىتى

يوقسۇللىنىڭ پەرزەنتى، پۇقرالارنىڭ غەمگۇزارى ........................................ ۋاڭ خۇڭۇېن (1.22)
مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدا 42 يىل ئىشلىگەن شاجيۇەن.................................... شياۋلىن (2.22)
مۇلازىمەت قىلىش ئارقىلىق ئابدە تىكلەپ چىقىشىمىز لازىم ... ........................................................ (3.28)

## مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات

ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا .. مەمتىمىن مۇسا (1.46)

## نەزەرىيە ۋە مۇھاكىمە

ئەخلاق پەزىلىتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى رولى ھەققىدە ......... ...............................گۈلى ئىسمائىل (4.43)

## پايتەختتىكى ئۇيغۇرلار

مەھمۇد يۇرتىنىڭ پەخرىلىك ئوغلى ...... تۇردى مەتنىياز (3.24)
ئىزچى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆمۈلگەن ئىزلىرى ........................ ........................ تۇرغۇن ئابدۇلئەزىز (4.23)

## تۆھپىكارلار

«مەدەنىيەت جەۋھىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن تۇنجى ئۇيغۇر ياش ئۇسسۇلچى — دىلنار ئابدۇللا ..... مۇھەممەت سالىھ مەترۇزى (1.36)
يورۇقلۇق ئەلچىسى، بىمارلارنىڭ شاپائەتچىسى ...................... ...................................... مۇھەممەت سابىت (2.36)
قەيسەر ئىرادە، شانلىق مۆجىزە ...... ئابدۇكېرىم راخمان (5.37)

## جاھانغا نەزەر

ئامېرىكا تەسىراتلىرى (ساياھەت خاتىرىسى) ...................... ...................................... ئىدرىس بارات (1.30)
ئامېرىكا تەسىراتلىرى (ساياھەت خاتىرىسى) ...................... ...................................... ئىدرىس بارات (3.34)
ئامېرىكا تەسىراتلىرى (ساياھەت خاتىرىسى) ...................... ...................................... ئىدرىس بارات (5.30)

## مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ

سەبىيلەر نېمە دەيدۇ؟............... پەزىلەت ئىسرائىل (1.40)
«ئامېرىكىلىقلارنىڭ قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى»دىن ئۆزىمىزگە بىر نەزەر ...................................... ئەلسۆيەر (3.43)
ئارزۇلۇقلار تەقدىرىنىڭ جاۋابكارى كىم؟ ...................... ............................ ئابدۇرۇسۇل ئابدۇراخمان (5.42)

## دۇنيا مىللەتلىرى

ئېمسلاردا بالىلار تەربىيىسى ............................ (1.43)
ئامېرىكىلىقلارنىڭ قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ............ (3.41)

## مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىدە (مىللەت ۋە ئاپتونوم جايلار)

شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى سېلىشتۇرمىسى ... دەي شياۋمىڭ (2.28)
ۋازۇلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ........... خەمىت نىغمەت (2.27)
لوبا مىللىتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ... رەخمەتجان ئەخمەت (3.32)
دۇلۇڭلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى .......... خەمىت نىغمەت (4.41)

## مىللەت ۋە ئۆرپ-ئادەت

مەملىكىتىمىزدىكى بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرى ............ مەخسۇت ھېيت (2.32)
«ئالداش بايرىمى»نىڭ كېلىپ چىقىشى.... ........................................ (3.47)
تاجىكلار تۇرمۇشىدىكى پەرز ۋە پەرھىزلەر ... ........................ شېرىن قۇربان (4.38)

## مىللەت خەزىنىسى

10 يىللىق ئەجىر-مېھنەت مېۋىسى — «مىللەتلەر مۇزېيى» ..................... لىيۇيۇي (3.44)
ئۇيغۇرلارنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسى ........ ياسىن ھوشۇر (4.29)

## ئوقۇرمەنلەر ساداسى

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ........ نۇسرەتگۈل ئابدۇرۇسۇل (2.56)







ھېكمەت: خام خىيالنى ئالتۇن كۆمۈشكە ئايلاندۇرغان كىشى ئەلا بىچارىدۇر. — جېبران (لەھمەتجان تاشتۆمۈر. ت)

كۆپ قىرلىق، يېقىملىق ئوبراز ...... نۇرنىسا مۇھەممەت (2.40)

**سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش**

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ھەققىدىكى يېڭى قاراشلار ......... (1.50)
دوست تۇتۇش ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە پايدىلىق.......... (1.50)
ئۇسسۇزلۇقتا بەرداشلىق بېرىش قېرىشنى تېزلىتىدۇ ........ (1.51)
روھىي ساغلاملىقنىڭ سەككىز ئۆلچىمى ..................... (1.51)
خاراكتېر ۋە يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكى توغرىسىدا ...............
.......................روزى ھاجى مۇھەممەدى (2.46)
غىزادىن كېيىنكى 7 قىلماسلىق (قاتارلىق 4 پارچە) ...... (5.47)

**تۇرمۇشىڭىزغا مەسلىھەت**

يۈرەك، مېڭە قان تومۇرلىرى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچىلار دىققىتىگە
(2.44) ...........................................
لايىغەزەللىك سالامەتلىككە يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ (قاتارلىق 4 پارچە) ........................ (2.44)
سول كۆكرىكىڭىز ئاغرىغاندا ............... دىلنۇر تاجى (3.48)
ئالما ۋە ساغلاملىق (قاتارلىق 4 پارچە) ................... (4.48)

**جەۋھەرلەردىن تەرمىلەر**

مىللەت ھەققىدە (شېئىر) ............. تېيىپجان ئېلىيوف (1.48)
ئۆگىنىش ھەققىدە ..................................... (1.48)
ھېكمەتلىك سۆزلەر ..................................... (1.49)
ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن بىلىم ۋە ھۈنەر توغرىسىدا ...
(2.42) ...........................................
بىلىم توغرىسىدا چەت ئەل ئەقلىيە سۆزلىرى .............. (2.42)
سەئدى شىرازىنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىدىن ............ (2.43)
كىتاب ئوقۇش ۋە خاراكتېر ............................ (3.50)
تۇرمۇشتا تەبىر (قاتارلىق 4 پارچە) ...................... (3.50)
ياپونلاردىكى 7 «قىلماسلىق» .......................... (4.46)
ئىزا تارتىش كىشىلەردە ياخشى تەسىر قالدۇرىدۇ .......... (4.46)
كىتاب ئوقۇش ۋە ئۆمۈرنىڭ ئۇزىرىشى (قاتارلىق 5 پارچە) ................ (4.47)
قەدىر-قىممەت، ئەپچىل ئوخشىتىش، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى رىقىملەر (قاتارلىق 4 پارچە).......................(5.47)

**بىلىم دۇردانىلىرى**

دوكتورئاشتىلىق تۇزۇمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ............................ (5.48)
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى (قاتارلىق 5 پارچە) ............................ (5.49)

**گۈلدەستە**

ئىككى نەسىر ..... ئەخمەت ئىمىن
(1.59) ...........................................
ئوتلۇق تىلەك «شېئىر» ..........
...................ئۆمەرجان شاۋۇدۇن (1.6)

قاغىنىڭ ماھارەت ئۆگىنىشى (مەسەل)... مۇھەممەت ئىمىن
(1.61) ...........................................
مەرىپەت مەشئىلى مەڭگۈ مەدھىيىلىنىدۇ (سۆز ئويۇنى) ...
..........................ئىلھامجان روزى (1.62)
مىللىي مائارىپ مەبلىغىنى مولللاشتۇرايلى، مۇنەۋۋەر مۇئەللىملەرنى مەڭگۈ مەدھىيىلەيلى (سۆز ئويۇنى) ........ ماموت مۇسا (1.62)
«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى، غەيرىتىڭگە ئاپىرىن! ..........
ئەخەت ھاشىم ........................... (2.52)
بىر دەستە گۈل تىزىپ ياندىم سەپەردىن (شېئىرلار)
.......................... ماخمۇت مۇھەممەت (2.56)
دەرەخ ھەققىدە رىۋايەت .............. مۇختار قادىر (2.58)
ئاپەت بولدى ھەشەمەت (شېئىر) ..........................
.......................... تۇرسۇنجان ناسىرى (دېھقانىي) (2.60)
كىتابخۇمارنىڭ ئۆي ئىجارىگە ئېلىشى (ھېكايە).........................
.......................كېففېر پووس (ئامېرىكا) (2.61)
مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەيلى! (سۆز ئويۇنى) ...
.......................... ھاموت مۇسا (2.63)
قەلب دەرياسىدىن ئۈنچىلەر (چاتما شېئىر) ......................
.......................... مۇھەممەت ئىمىن (3.56)
ئىككى نەسىر ............ ئابلىمىت مىجىت (ۋاپادار) (3.59)
مەن ئۆلۈشنى خالىمايتتىم (ھېكايە)....................... ..
.......................... ئەخمەتجان خوما (3.60)
ئىككى مەسەل ........................ قۇربان ئېلى (3.61)
سۆز ئويۇنلىرى (2 پارچە)...................................
....... تۇردى قادىر نازىرى، ئەمەتجان مۇھەممەت پىدائى (3.62)
كۈن چىققىشقا سەپەر (چاتما شېئىر).......................
.......................... مۇھەممەتئېلى زۇنۇن (4.54)
ئۇزۇلمەس كۈي، كۆڭۈللۈك ئەسلىمە (ئەدەبىي خاتىرە) ..........
.......................... ئەنۋەر ئابدۇرېھىم (4.55)
دېھقان ئاتا (نەسىر) .............. ئەنەيتوللا قۇربان (4.61)
گۈلدەستە (شېئىر) ..................
مۇختار سوپۇرگى (4.62)
مەنىۋى مەدەنىيەت مەڭگۈلۈك مەشئەلدۇر (سۆز ئويۇنى) ... ..........................
مەمەت زەيدى(4.63)
كۈن چىققىشقا سەپەر (چاتما شېئىر)
.......... .. مۇھەممەتئېلى زۇنۇن (5.54)
دالىيەن تەسىراتلىرى ........... .......
.......... ماخمۇت مۇھەممەت (5.55)
تەكلىپ (شېئىر) ... قېيۇم تۇر (5.59)
مەنمەنلىك، مەغرۇرلۇق، مۇدھىش مەرەزدۇر (سۆز ئويۇنى) ..........................
...... مۇھەممەت تۇرسۇن سىدىق (5.60)
يەنمۇ يۈكسەل يۇرتۇم (سۆز ئويۇنى)
........ ئەنۋەر ئابلەت (شەيدائى) (5.60)




ETHNIC UNITY





△ يۈسۈپجان زارلىق (قىرغىز) يازغان
◁ ئۆمەرجان ئابدۇراخمان يازغان





△ ئالىمجان سايىم يازغان
◁ مۇرات مىجىت يازغان
▽ يۈسۈپجان زارلىق (قىرغىز) يازغان





ھېكمەت: خۇشامەتچىلىك، شۆھرەتپەرەسلەر ئۈچۈنلا ئاقىدىغان ساختا پۇلدۇر. — لاروشفۇك (لەھمەتجان تاشتۆمۈر. ت)

# 民族团结

国家民族事务委员会主办

（用汉、蒙古、维吾尔、哈萨克、朝鲜文出版）

出版/民族团结杂志社

社长、总编辑
李金池（苗族）
副社长、副总编辑
刘金锁（蒙古族）
副总编辑
伊德里斯·巴拉提
（维吾尔族）
陈乐齐（侗族）
副社长
张德安（蒙古族）

（维吾尔文版）
（总第61期）
编辑：民族团结杂志社维文室
●主编
伊德里斯·巴拉提
●副主编
亚森·阿瓦孜
●值班编辑
哈米提·尼格麦提

地址：新疆乌鲁木齐市和平南路204号2号楼D单元
邮政编码：830001
印刷：新疆日报社印刷厂
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
全国统一刊号：CN11—1557
邮政发行代号：58—117
出版日期：1998年11月15日


## 1998年第六期要目


●高层访谈
总结经验 抓住机遇 开创民族文化工作的新局面………李晋有

●民族与法制
一部旨在维护民族平等，团结的刑法典………………吴大华

●特别观察：关注中西部
“国家贫困地区义务教育工程”最新报告………………江天 宏文

●经济蓝讯
'98民族地区与股份制经济………………王福临

●民族大家庭
壮族与广西壮族自治区………………艾尔肯

●世纪回望
百年变迁哈萨克………………何星亮

●光荣榜
《民族团结》杂志宣传发行工作先进集体和先进个人名单………

●纪念《民族团结》杂志维吾尔文版创刊十周年专页
良好的愿望（诗一首）………………马合木提·穆罕默得
我们都喜爱您——《民族团结》（诗一首）…阿布都艾海提·司迪克
衷心祝贺（诗一首）………………那曼江·吐尔逊

●民族宝库
《福乐智慧》里论述的真心友谊观念………………马合木德·再依丁

●说说我的民族
珍惜时间………………阿布都热依木·亚库甫

●世界民俗大观
日本儿童教育杂谈………………

●观点新闻
西部：环境恶化了，富裕也不可靠………………

●知识荟萃
什么是知识………………
什么是知识经济………………

●生活顾问
加快衰老的主要原因………………

●健康与长寿
心脏病人不宜多睡………………
久坐沙发不利于健康………………

●读者之声
从塔克拉玛干边缘来的信………………

●花坛
蝴蝶（寓言一篇）………………阿布都吉力里·吐尔逊

●画页
封面：为纪念《民族团结》杂志维吾尔文版创刊十周年的图………
封二：国家民委《民族团结》杂志《民族》画报座谈会在京召开……
封三：介绍轮台县盐厂………………
封底：介绍库尔勒市工贸实业股份有限总公司………………

# بۈگۈر ناھىيىلىك تۇز زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «قار لەيلىسى» ماركىلىق تۇز سىزنى رازى قىلىدۇ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بۈگۈر ناھىيىلىك تۇز زاۋۇتى يىلىغا 10 مىڭ توننا تۇز ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىگە ئىگە، مەھسۇلات سۈپىتى دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتكەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا. زاۋۇتتا «قار لەيلىسى» ماركىلىق يودلۇق تۇز ۋە سانائەت تۇزى مەخسۇس پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. زاۋۇت خېرىدارلارغا باھادا ئېتىبار بېرىدۇ، توختامغا ئالاھىدە رىئايە قىلىدۇ. ھەر مىللەت ئىستېمالچىلىرىنىڭ خېرىدار بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ.



زاۋۇت باشلىقى، قانۇنىي ۋەكىلى: قۇربان خالەم








↑ زاۋۇت باشلىقى قۇربان خالەم تۇزنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش ھەققىدە زاۋۇتتىكى خادىملار بىلەن پىكىرلەشمەكتە.

→ لابوراتورىيە بۆلۈمى.



ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 4690197 (0996)، زاۋۇت باشلىقى قۇربان خالەمنىڭ تېلېفونى (ئۆيى): 4690907 (0996)، مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقلىرى ئۆيى: 4691104، 4690667، 4691898 (0996)

ئادرېسى: بۈگۈر ناھىيە تەرەققىيات رايونىدا (بۈگۈر ناھىيە بازىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى 314- نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولىنىڭ بويىدا).

خادىملار تۇز قاچىلىماقتا.

كورلا شەھەرلىك سودا - سانائەت كەسىپى چەكلىك ھەسسىدارلىق باش شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ئابدۇراخمان قۇربان ھاجى دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى خېرىدارلارنى سەمىمىي ھال سورايدۇ



شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى، قانۇنىي ۋەكىلى: ئابدۇراخمان قۇربان ھاجى









1. ئۇ ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىدا سودا توختامى ئىمزالىماقتا.
2. ئۇ چەت ئەللىك سودىگەر بىلەن توختام تۈزمەكتە.
3. ئۇ ۋە ئۇنىڭ كارخانىسى ئېرىشكەن شان - شەرەپلەر.
4. ئۇ 98' ئۈرۈمچى كېڭىشىش يىغىنىدا چەت ئەللىك مېھمانلار بىلەن سودا توختامى ئۈستىدە پاراڭلاشماقتا.
5. ئۇ ئىراقتا ئېكسكۇرسىيىدە بولۇپ، سودا ئالاقىسىنى كېڭەيتتى.
6. ئۇ دۇنيا بانكىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى.


ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2022262، 2022792 (0996)
فاكس: 2032491 (0996)










«民族团结»维吾尔文版（双月刊）
国际标准刊号 ISSN 1002 — 9184
全国统一刊号 CN11 — 1557
定价 3.00 元
«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» (قوش ئايلىق ژۇرنال)
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى
باھاسى 3.00 يۈەن
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 117 — 58 邮发代号